

# شىنجاڭ ئاياللىرى

# 新疆妇女

7

1990

# ھەممە مىللەت بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ شىنجاڭنى گۈللەندۈرەيلى

1. 50 - يىللاردا ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىشتە بىر ئايروپىلان ئىئانە قىلغان باسباينىڭ يۇرتى - چاغانتوقاي ناھىيىسىدە 90 - يىللارنىڭ تۇنجى باھارىدا «ئاسىيا تەنتەربىيە ھەرىكەت يىغىنى» غا ئىئانە توپلاش ھەرىكىتى داغدۇغىلىق ھالدا قانات يايدۇرۇلدى.

شۇ جىنسەي فوتوسى



2. نېفت ئىدارىسى بۇرغىلاش باشقارمىسىنىڭ 2 - بانلار باشقىسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى پائالىيىتى كەڭ قانات يايدۇردى. باشقا باشلىقى جىن شۇيىلىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچى تۇرنىسا ئۈچ يىلدىن بۇيان ئۆزئارا تىل ئۆگەندى ھەم 20 نەچچە قېتىم بىرلىكتە ياخشى ئىش قىلدى.



3. سىكنۇەن 38 - ئۇەنىڭ قوراللىق ساقچىلىرى 8 - قىسىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىشى پائالىيىتىدە. شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە كۆۋرۈك ۋە يول ياساپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

سۇن فىڭ فوتوسى





4. كۇچار ناھىيىسى خۇاگجياۋ ئائىلە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى تۇراخان نىياز، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىگە ئالاھىدە ئېتىۋار بەردى. ئۇنىڭ باشلامچىلىقىدا، ئۇيغۇر ئاھالىلىرى مۇشۇ يەردە يەككە - يىگانە ياشاۋاتقان خەنزۇ موماي جېڭ شۇفاگنىڭ ھالىدىن داۋاملىق خەۋەر ئېلىپ تۇردى.

ۋاڭ جىزجېڭ فوتوسى




# سادا

(نەسر)

رابىيە تۇختى

تېلېۋىزور ئېكرانىغا تىكىلىپ ئولتۇرىمەن.

ئەنە، ھەيۋەتلىك چوڭ سەھنە رەڭگارەڭ چىراغ نۇرلىرى بىلەن خۇددى يۇلتۇزلار ماكانىغا ئوخشاش چاقناماقتا.

ئەنە، سەھنىدە خۇددى پەرىزاتتەك بىر ئۇيغۇر گۈزىلى دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتماقتا.

ھويلاڭدىكى ئۈجمەڭنى،
ئالمەكتە ئىگىپ يەيمەن.
كۆڭلۈمگە ئازار بەرمە،
ئۆزۈم ئىشلەپ تېپىپ يەيمەن.

مېنىڭ ناخشىغا مەھلىيا قەلبىم، ئۆزىنى قەدىرلەش، ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتىش ئىستىكى بىلەن يانغان قەلبتىن ئۇرغۇغان بۇ مەردانە سادانىڭ كۈچىدىن ھاياجانلاندى.

دەۋرىمىز ئاياللىرىنىڭ ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇش روھىنى، يېڭى دەۋرگە خاس يۈكسەك غەيرەت-شىجائىتىنى، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ياشاپ، ئەۋلادلارغا مەسئۇل بولۇش، ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىرادىسىنى نامايان قىلىۋاتقان بۇ ناخشىنىڭ ساداسىدىن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كەلدى.

.... راست، بىز ئاياللاردىنمۇ مىنىستىر، ۋالىي، ھاكىملار چىقتىغۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقايسى ساھەلەردە زەپەر قۇچۇۋاتقان مۇنەۋۋەر ئاياللار ئازمۇ؟ شۇ ئەسنادا قۇلىقىم تۈۋىدە غايىبانە بىر سادا ياڭرىدى:

سۇ ئىچكەندە قۇدۇق كولىغۇچىنى ئۇنۇتما،
بەختكە ئېرىشكەندە پارتىيىنى ئۇنۇتما!

(ئاخىرى 6-بەتتە)

# شىنجاڭ ئاياللىرى

# 新疆妇女



1990 - يىل

7 - سان

(ئايلىق ژۇرنال)

ھەر ئاينىڭ 5 - كۈنى
نەشىردىن چىقىدۇ

باش مۇھەررىر
پاتىمە جاكۇلىنا

总编：帕提曼·贾库林

مەسئۇل مۇھەررىر
ھەلىمە ئىسمايىل

主编：艾里曼·司马义

ۋەكالەت نومۇرى
(58 — 8)

قەرەللىك ژۇرناللار
تىزىملىكى نومۇرى
GN65 — 1053/Z

رەسسام ۋە خەتتات
ھەمىدەممەت ئايۇپ
(تەكلىپ قىلىنغان)


## مۇندەرىجە


ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك مۇھاپىزىتىگە دائىر بەلگىلىمىلەر ...... 4

* يېڭىدىن گۈللەنگەن پەنلەر *

پسىخولوگىيە قانداق پەن ...... 5

* ئىلغارلار سېپىدىن *

ياش ترىنېر شەرەپ قۇچماقتا ...... 7

پۇل مۇئامىلە سېپىدىكى ئىلغار خىزمەتچى ...... 9

* ئېلىمىز ئاياللىرى *

دۆلىتىمىزنىڭ بەش نەپەر ئايال باش ئەلچىسى ...... 10

ئېلىمىز ئاياللىرىنىڭ بىلىم سەۋىيىسى كۈنسايىن ئۆرلىمەكتە ...... 10

* قانۇندىن ساۋات *

يوقاپ كەتكەن ياكى ئۆلگەن دەپ پەرەز قىلىنغان كىشىلەرنىڭ مال - مۈلكى ۋە نىكاھ مەسىلىسى قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ ...... 11

* بالىلار تەربىيىسى *

بالىلارنىڭ ئەخلاقىي ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش جەھەتتىكى ئائىلە تەربىيىسى ...... 14

* ئاتا - ئانىلار ئوقۇشلۇقى *

قانداق ئائىلىلەردىكى ياش - ئۆسمۈرلەر ئاسانلا جىنايەت ئۆتكۈزۈش يولىغا مېڭىپ قالىدۇ ...... 16

* ئەر - خوتۇنلارغا مەسلىھەت *

ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتتىكى ھېسسىيات ...... 17

ئېرىڭىز تالاغا قارىسا قانداق قىلىسىز ...... 21

خوتۇن بولۇشنىڭ سەنئىتى ...... 23

* ئاياللار خىزمىتىدىن ئۇچۇرلار *

قىسقا خەۋەرلەر ...... 24

* ئەدەبىيات گۈلزارى *

خەتتىن كۆتۈرۈلگەن غەۋغالار (ھېكايە) ...... 26

سادا (نەسىر) ...... 1

# مۇشتىرى بولۇشىڭىزلارنى قارشى ئالىمىز


* چەت ئەل ئەدەبىياتى *

كۈل (ھېكايە) ................................ 30

مۇھەببەت ۋە دۇملەنگەن كالا گۆشى (ھېكايە) .... 31

* قىز - يىگىتلەر دىققىتىگە *

قىزچاق تۇرمۇشتا بەختلىك بولاي دېسىڭىز ........ 33

* دۇنيا ئاياللىرىغا بىر نەزەر *

زەھەرلىك چېكىملىكلەرگە قارشى كۆرەش قىلغۇاتقان
ئايال مىنىستىر مۇنىڭكا دېگېرېف ............. 34

* ئەنزىدىن مىسال *

ئۇنىڭ ياشلىق گۈلى ئۆز دادىسىنىڭ قولىدا سولدى... 35

* باھار چېچەكلىرى *

پارتىيەمنى كۈيلەيمەن (شېئىر) ..................... 36

سەن بولغاچ (شېئىر) ............................ 36

بارچە مىللەت قېرىنداش (شېئىر)................ 36

پارتىيە (شېئىر) ............................... 36

پارچە (شېئىر) ................................ 36

غۇنچە (شېئىر) ................................ 37

سەھرا قىزىغا (شېئىر) ......................... 37

جاۋاب (شېئىر).................................. 37

* سالامەت بولۇڭ *

سالامەتلىك ۋە ئائىلە مۇھىتى ................... 38

* ئاچا - سىڭىللار خەت ساندۇقى *

ئاياللار ئەر دوختۇرلارغا كېسەل تەكشۈرتكەندە... 40

* ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن *

ئاياللارنىڭ ئوبرازى ........................... 42

تېرە گۈزەللىكى توغرىسىدا ...................... 43

* بىلىمۇېلىك *

سۈپەتلىك تۇخۇت ۋە ئوزۇقلىنىش ................. 45

* تۇرمۇشىڭىزغا مەسلىھەت *

كىيىم - كېچەكلەرنى يۇيۇش - تازىلاش ۋە دەزماللاش ھەققىدە ................................. 47

زەرلىك كىيىم - كېچەكلەرنى يۇيۇش ئۇسۇلى...... 48



مۇقاۋىدا
بەدىئى سۈرەت
سۇن جيابىڭ فوتوسى
孙嘉斌摄

مۇقاۋىنىڭ كەينىدە
ئۈرۈمچى مەنزىرىسى
ياڭ جىچىڭ فوتوسى
杨继青摄

«شىنجاڭ ئاياللىرى»
تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

«شىنجاڭ ئاياللىرى»
رېداكسىيىسى نەشر قىلدى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا
ئىدارىسى تارقىتىدۇ

تىراژى: 60،000
باھاسى: 45 پۇڭ

شىنجاڭ شىنخۇا باسما
زاۋۇتىدا بېسىلدى



ئادرېس
ئۈرۈمچى دېموكراتىيە
كوچىسى 42 - نومۇر

پوچتا نومۇرى
830002

تېلېفون: 23886

# ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك مۇھاپىزىتىگە دائىر بەلگىلىمىلەر

1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، جۇڭگو سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ماقۇللىغان «ئومۇمىي گائىدىلىك»دا مۇنداق بەلگىلەنگەن: ياش ئايال ئىشچىلارنىڭ ئالاھىدە مەنپەئەتى قوغدىلىشى لازىم ... شۇنىڭدەك ئانىلار، بوۋاقلار ۋە بالىلارنىڭ سالامەتلىكىنى قوغداشقا دىققەت قىلىش لازىم. 1951 - يىلى دۆلەت مەمۇرىي كېڭىشى ئېلان قىلغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئەمگەك ئىستراخوۋانىيە نىزامى» ۋە 1953 - يىلى ئېلان قىلغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئەمگەك ئىستراخوۋانىيە نىزامىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسى»دە ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇغۇت دەم ئېلىشى، تۇغۇت دەم ئېلىش تەمىناتى، يەسلى، بالىلار باغچىسى قۇرۇلۇشى ۋە خىراجەت مەنبەسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە كونكرېت بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان. 1955 - يىل 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى گوۋۇيۈەن ئېلان قىلغان «ئاياللارنىڭ تۇغۇت دەم ئېلىش ۋاقتى ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇش»دا دۆلەت ئورگانلىرىدا ئىشلەيدىغان ئايال خادىملارنىڭ بويىدىن ئاجراپ كېتىپ دەم ئېلىشى، تۇغۇت دەم ئېلىشى، تۇغۇت دەم ئېلىشىدىكى مائاش ھەم تۇغۇتتىن كېيىنكى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن داۋاملىق دەم ئېلىشتا بەھرىمەن بولىدىغان تەمىناتى ھەققىدىمۇ ئوچۇق بەلگىلىمە چىقىرىلغان. 1956 - يىل 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى گوۋۇيۈەن ئومۇمىي يىغىنىنىڭ 29 - قېتىملىق يىغىنىدا ماقۇللانغان «زاۋۇتلاردىكى بىخەتەرلىك، ساقلىقنى ساقلاش قائىدىلىرى»دا: ئاياللارنىڭ تازىلىق ئۆيى ئىش ئورنىغا يېقىن جايدا بولۇشى، ئۆي ئىچىدە ئىسسىق سۇ، يۇيۇنۇش ئۈسكۈنىلىرى ۋە كىر يۇيۇش داسلىرى بولۇشى لازىم، دەپ بەلگىلەنگەن.

1965 - يىل 4 - ئايدا گوۋۇيۈەن تەستىقلاپ تارقاتقان سەھىيە مىنىستىرلىكى، مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ «پىلانلىق تۇغۇت ئوپېراتسىيىسى ۋە دورىسى قاتارلىق راسخوتلارنىڭ چىقىمى مەسىلىسى ھەققىدىكى بەلگىلىمە»دە: كارخانىلاردا ئىشلەيدىغان ئايال ئىشچى-خىزمەتچىلەر تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرسا، تۇغۇتتىن ساقلىنىش ئۈزۈكى سالدۇرسا ياكى سۈنئىي ئۇسۇلدا بالا چۈشۈرسە بۇنىڭغا كېتىدىغان نومۇر ئېلىش راسخوتى، بالنىتسىدا يېتىش راسخوتى، تەكشۈرۈش راسخوتى، داۋالاش دورا راسخوتى ۋە ئوپېراتسىيە راسخوتلىرى «داۋالاش ــ ساقلىقنى ساقلاش ياردەم راسخوتى»دىن چىقىم قىلىنىدۇ، دۆلەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلار، پارتىيە - گۇرۇھ، تەشكىلات قاتارلىق ھۆكۈمەت خىراجىتى ھېسابىغا داۋالىنىشتىن بەھرىمەن بولىدىغانلار «ھۆكۈمەت خىراجىتى ھېسابىغا داۋالىنىش خىراجەتلىرى»دىن ياكى ئۆز ئورنى خىراجىتىدىن چىقىم قىلىدۇ، دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇ قانۇن - بەلگىلىمىلەرنىڭ ئېلان قىلىنىشى ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ بىخەتەرلىكى ھەم سالامەتلىكىنى ئاسراش، كەڭ ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتىكى ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى.

خەمىت كەنجى تەرجىمىسى

# پسىخولوگىيە قانداق پەن

دىلشات ئابدۇرۇپ

پسىخولوگىيە ئادەمنى تەتقىق قىلىدىغان پەنلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئاساسىي پەن. چۈنكى ئۇ، ئادەمنى ئەڭ ماھىيەتلىك جەھەتتىن تەتقىق قىلىدۇ. ئېلىمىزدىكى ۋە چەت ئەللەردىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، 2000 - يىللاردىن كېيىن، پسىخولوگىيە باشلامچى پەن بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

گېرمانىيە پسىخولوگى خېرمان. ئېبىڭخائۇسنىڭ دېگىنىدەك «پسىخولوگىيە ئۇزۇن ئۆتمۈشكە، قىسقىغىنا تارىخقا ئىگە» يەنى پسىخولوگىيىنى ھەم قەدىمىي ھەم يېڭى پەن دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئۆزىدىكى پسىخىك ھادىسە ئۈستىدە ئىزدىنىشىگە 2000 يىلدىن ئوشۇق ۋاقىت بولدى. مىلادىدىن ئىلگىرى 4 - ئەسىردىكى گرېتسىيە پەيلاسوپى ئارىستوتېل «روھ ھەققىدە» دېگەن كىتابىنى يازغاندىن باشلاپ، پسىخولوگىيە پەلسەپە دائىرىسىدىكى مۇنازىرە تېمىسى بولۇپ تەتقىق قىلىنىپ كەلگەنىدى. پسىخولوگىيە دېگەن بۇ ئاتالغۇ گرېكچە «псюхе» («روھ») دېگەن سۆز بىلەن «ЛоГос» («ئىلىم») دېگەن سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن كېلىپ چىققان. دېمەك ئۇ، روھ ئىلمى. پسىخولوگىيە 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، تەبىئىي پەننىڭ بولۇپمۇ بىئولوگىيىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، پەلسەپىدىن ئايرىلىپ، مۇستەقىل بىر پەن بولۇپ قالدى. پسىخولوگىيىنىڭ مۇستەقىل پەن بولۇشى، گېرمانىيە پسىخولوگى ۋىلھېم. ۋۇندتنىڭ 1879 - يىلى لېيپسىڭ داشۆسىدە دۇنيادىكى تۇنجى پسىخولوگىيە تەجرىبىخانىسىنى قۇرغىنىدىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ پەقەت 100 يىللىق تارىخقا ئىگە.

پسىخولوگىيە ئادەمدىكى پسىخىك ھادىسىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئادەمدىكى پسىخىك ھادىسىلەر ھەر خىل، ھەر تۈرلۈك ھەم ناھايىتى مۇرەككەپ بولىدۇ. ئېنگېلس پسىخىك ھادىسىنى «يەر شارىدىكى ئەڭ چىرايلىق گۈل» دەپ شەرھلىگەنتى. پسىخىك ھادىسىلەر ئادەتتە ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك ئىككى جەھەتكە يەنى پسىخىك جەريان بىلەن ئىندىۋىدۇئاللىققا بۆلۈنىدۇ. پسىخىك جەريان بىلىش جەريانى، ھېسسىيات جەريانى ۋە ئىرادە جەريانىدىن ئىبارەت ئۈچ جەرياننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىلىش جەريانى يەنە سەزگۇ، ئىدراك، خاتىرە، خىيال ۋە تەپەككۇر قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىندىۋىدۇئاللىق بولسا ئىندىۋىدۇئال مايىللىق بىلەن ئىندىۋىدۇئال پسىخىك خۇسۇسىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىندىۋىدۇئال مايىللىق ئېھتىياج، مۇددىئا، قىزىقىش، غايە، ئېتىقاد ۋە دۇنيا قاراش قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ. ئىندىۋىدۇئال پسىخىك خۇسۇسىيەت بولسا تېمپېرامېنت خاراكتېر ۋە قابىلىيەتتىن ئىبارەت ئۈچ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى پسىخولوگىيىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىدىن ئىبارەت.

پسىخولوگىيە جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى

ساھەلەردە زور رول ئوينايدۇ. ئۇ، نۇرغۇن تارماقلارغا بۆلۈنگەن. مەسىلەن، ئومۇمىي پسىخولوگىيە، مائارىپ پسىخولوگىيىسى، باللار پسىخولوگىيىسى، جەمئىيەت پسىخولوگىيىسى، مېدىتسىنا پسىخولوگىيىسى، ھەرىكەت پسىخولوگىيىسى، ھەربىي ئىشلار پسىخولوگىيىسى ۋە جىنايەت پسىخولوگىيىسى قاتارلىقلار.

پسىخولوگىيە، قىسقىغىنا 100 يىل داۋامىدا ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى. بۇ جەرياندا نۇرغۇن ئىلمىي ئېقىملار ۋۇجۇدقا كېلىپ، پسىخولوگىيە نەزەرىيىسىنى بېيىتتى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئېلىمىزدە 1921 - يىلى پسىخولوگىيە جەمئىيىتى قۇرۇلغان. پسىخولوگىيە تەتقىقاتى ئازادلىقتىن كېيىن نورمال ئېلىپ بېرىلغانىدى. لېكىن مەدەنىيەت ئىنقىلابى جەريانىدا پۈتۈنلەي توختىتىۋېتىلدى. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن كېيىن ئون يىل ئەسلىگە كېلىش مەزگىلىنى بېسىپ ئۆتتى. بۇ جەرياندا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى پسىخولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ خىزمىتى نورمال ئىزغا چۈشۈرۈلدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە تۆت ئالىي مەكتەپتە پسىخولوگىيە فاكۇلتېتى قۇرۇلدى. ھازىر ئېلىمىزنىڭ پسىخولوگىيە ئىشلىرى تەرەققىي قىلىش، گۈللىنىش ئالدىدا تۇرماقتا.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

— ئەمدى مېنىڭ خىيال كەپتىرىم ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتكە ئۇچتى:

ئەنە، جاھالەت ھامىيسى — سوپى - ئىشانلار بىلەن ئېلىشىۋاتقان مۇقام كەشپىياتچىسى مەلىكە ئامانىساخان، زۇلمەت دارىدا جېنىدىن جۇدا بولغان قەشقەر قىزى نوزۇگۇم، «خەيرىيەت مەكتىپى» ئېچىپ يېتىم باللارنىڭ قەلبىنى ئىلىم - ئىرپان نۇرى بىلەن يورۇتقان ۋە شۇ «گۇناھ»ى ئۈچۈن ھاياتى شېڭ شىسەي تۈرمىسىدە غازاڭ بولغان ئايخان ئانا، تەلۋىچۇك دەرياسىنىڭ دەھشەتلىك دولقۇنى يۇتۇپ كەتكەن ۋاپادار رابىيە. شۇ تاپتا ۋاقىتسىز نابۇت قىلىنغان ئادەمخور كونا جەمئىيەتكە غەزىپىم قايناپ تاشتى.

ئىھ، پارتىيە، سەن بىز «ئاجىزە»لەرنىڭ نىجات يۇلتۇزى، شەپقەتچىسى، باشپاناھى.

سېنىڭ تەڭدىشسىز كۈچ - قۇدرىتىڭ بىزنى بەخت قىرغىقىغا يەتكۈزدى. سېنىڭ بۈگۈنكى توغرا، پارلاق سىياسىتىڭ بىزنى بايلىق يارىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە قۇدرەت ئىگىلىرىگە ئايلاندۇردى. شۇڭا ئۆتمۈشتىكى «نامەھرەم»لەر بۈگۈن سەھنىگە چىقىپ ئۆز بەختىگە تەنتەنە قىلىپ ناخشا ئېيتماقتا، ئۇسسۇل ئوينىماقتا. ئەمدى ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ «ئېپىرىم خۇداسى»غا ئىلتىجا قىلمايمۇ مۇستەقىل ياشاش ئىمكانىيىتىگە، بەخت يارىتىش، كەشىپ قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە. قىز تۇغۇلسا ئاتىلارنىڭ كۆڭلى قايغۇغا تولىدىغان، ئانىلارنىڭ كۆڭلى ھەسرەتتىن زېدە بولىدىغان نەپرەتلىك كۈنلەر كەلمەسكە كەتتى.

ئىھ، ئۇلۇغ پارتىيە، سېنىڭ مېھرى - شەپقىتىڭدىن دىلى سۆيۈنۈپ، ئۆز بەختىدىن چەكسىز خۇشاللىق ۋە يۈكسەك ئېپتىخارلىق ھېس قىلىۋاتقان قىزىڭنىڭ ساڭا بولغان تەشەككۈر ساداسى ۋەتەن ئاسمىنىدا ياڭراۋاتىدۇ.

ئۇلۇغ پارتىيە، بىزنىڭ بەختىمىز سەن بىلەن پارلاق.

# ياش تىرېنېر شەرەپ قۇچماقتا



**ئەندىۋەر ساۋۇت**

ھۆرمەتلىك كىتابخان:

تۇنجى بالىسىنى تۇغۇپ ياتقىنىغا ئەمدىلا 18 كۈن بولغان تىرېنېرنىڭ 89 - يىلى 8 - ئايدا قەشقەردە سەككىز كۈن داۋاملاشقان «ئاپتونوم رايونلۇق ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرى ۋالىبول مۇسابىقىسى» مەيدانىغا بېرىپ ئۆز كوماندىسىغا باشتىن - ئاخىر يېتەكچىلىك قىلغانلىقىنى كۆرگەن ياكى ئاڭلىغان چېغىڭىزدا، ئۇنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك ئىكەنلىكىگە قايىل بولىدىغانسىز.

پاتىگۈل قادىر 66 - يىلى دولان يۇرتىدا تۇغۇلغان. 80 - يىل 2 - ئايدا ئەمدىلا 14 ياشقا قەدەم قويغان، ۋالىبولغا چىن ئىشتىياق باغلىغان پاتىگۈلنى مايسا تاللاشقا ماھىر تىرېنېرلار بايقاپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە مەكتىپىگە (ئىشتىن سىرتقى) قوبۇل قىلدى. 10 - ئايدا ئۇنى ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە مەكتىپىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىپ بەردى. پاتىگۈل پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي بەش يىللىق ئوقۇش ھاياتىنى تىرىشىپ ئۆگىنىش، جاپالىق مەشىق قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدى. بۇ جەرياندا ئۇ ئۆزىنىڭ سەزگۈرلۈكى، چىدامىلىقى، جەسۇرلۇقى، كۈچلۈكلۈكى بىلەن ئۆزى چېنىقىۋاتقان كوماندىنىڭ ئاساسلىق ئەزاسى بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. 82 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە كورلىدا ئۆتكۈزۈلگەن تەنتەربىيە مەكتەپلىرى قىزلار ۋالىبول مۇسابىقىسىدە ئۇلارنىڭ كوماندىسى كوللېكتىپ بىرىنچى بولۇپ ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى. شۇ يىلى 8 - ئايدا مەملىكەت بويىچە سىچۇەندە ئۆتكۈزۈلگەن قىزلار ۋالىبول تەكلىپ مۇسابىقىسىگە ئاپتونوم رايونىمىزغا ۋەكالىتەن قاتنىشىپ، كوللېكتىپ ئۈچىنچى بولۇپ كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى. بۇ مۇسابىقىلەرنىڭ ھەممىسىدە پاتىگۈل ئاساسلىق رول ئوينىدى. شۇڭا تىرېنېرلار ئۇنى 84 - يىلى شىنجاڭ قىزلار ۋالىبول شتاتلىق كوماندىسىغا تەكلىپ قىلىپ، مەملىكەت بويىچە شەرقىي شىمالدا ئۆتكۈزۈلگەن قىزلار ۋالىبول مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇردى.

پاتىگۈل قادىر 85 - يىل 9 - ئايدا مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەندىن كېيىن، قەشقەر ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپ، ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپ قىزلار «ب» گۇرۇپپا ۋالىبول كوماندىس-

نىڭ تىرېنېرلىقىغا بېكىتىلدى. شۇ يىلى بۇ مەكتەپ ھەرقايسى كاماندىلارنى تىرېنېرلارغا ھۆددىگە بەردى. بۇ تۈزۈم ئەمەلدە خىزمەتكە قەدەم قويغان ياشلارنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنى ھەسسىلەپ كۈچەيتتى. ئۇ كاماندا ئەزالىرىغا قاتتىق تەلەپ قويۇپ، تېخنىكا ماھارەتلىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەتتى. 87 - يىل 8 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپ قىزلار ۋالىبول مۇسابىقىسىدە ئۇ تىرېنېرلىق قىلغان كاماندا كوللېكتىپ بىرىنچى بولۇپ ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى. 88 - يىلى ئۇ تېخىمۇ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكتىن، ئاپتونوم رايونلۇق 1 - نۆۋەتلىك ياش ئۆسمۈرلەر تەنھەرىكەت يىغىنىدا ئۇنىڭ كاماندىسى يەنە كوللېكتىپ بىرىنچى بولۇپ ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى. 89 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە قەشقەردە ئۆتكۈزۈلگەن ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپ قىزلار ۋالىبول مۇسابىقىسىدە ئۇنىڭ كاماندىسى يەنە بىر قېتىم كوللېكتىپ بىرىنچى بولۇپ ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى. كاماندا ئەزالىرىدىن ئىككىسى كېيىنى - كەينىدىن شىنجاڭدىكى مۇسابىقىگە قاتناشقان كاماندىلار ئىچىدە «مۇنەۋۋەر ھۇجۇمچى» دېگەن نام بىلەن مۇكاپاتلاندى. بۇنداق نەتىجىگە ئېرىشىش ئاسان ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە!

ئۇ مۇسابىقە نەتىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەنلا قالماي، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشنىمۇ چىڭ تۇتقانلىقتىن، ئۇنىڭ كاماندا ئەزاسىدىن ئىككى نەپىرى ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە مەكتىپىگە، ئالتە نەپىرى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىگە، يەتتە نەپىرى قەشقەر ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە مەكتىپىگە قوبۇل قىلىندى. ئۇ بەش يىلغا يەتمىگەن قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىگە شان - شەرەپ كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن 88 -، 89 - يىللىرى قەشقەر ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى ۋە تەنتەربىيە مەكتىپى تەرىپىدىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا «ئىلغار خىزمەتچى» بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى. 90 - يىلى يەنە تەنتەربىيە مەكتىپى بويىچە «8 - مارت قىزىل بايراقدارى» بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى.

(بېشى 9 - بەتتە)

لەپ مېڭىشقا ئەھمىيەت بەردى. نەتىجىدە ئۇ تەربىيىلىگەن ياشلار تۈرلۈك كەسپى خىزمەتلەردە ياكى رەھبەرلىك قاتلىمىدا بولسۇن ئاساسىي تايانچ كۈچلەردىن بولۇپ قالدى.

تەشكىل پاتەم تۇردىنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى، تۇرمۇشتىكى ھەر خىل قىيىنچىلىقلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭ ياخشىراق دەم ئېلىشىنى ياكى باشقا مۇۋاپىقراق خىزمەت ئىشلىشىنى ئېيتقاندا، ئۇ كەسكىن رەت قىلدى. جاپا - مۇشەققەتتە ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ئاسانىنى، شان - شەرەپنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بەردى. ئۇ نەچچە يىللاردىن بېرى خىزمەت ئورنىدىن بىر كۈنمۇ ئايرىلمىدى. 1988 - يىلى ئۇ ھەتتا ئېغىر كېسەل بولغان بىر يېرىم ئايلىق دەم ئېلىشنىمۇ ئالماي ئىشقا تولۇق چىقتى. ئۇنىڭ ئەجرى يەردە قالمىدى. ئۇ خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان ئون نەچچە قېتىم ناھىيە، ۋىلايەت دەرىجىلىك «پۇل مۇئامىلە خىزمەت ئىلغارى» بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى. 1989 - يىلى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ناھىيە، ۋىلايەت، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك بانكىلىرى تەرىپىدىن «پۇل مۇئامىلە سېپىدىكى ئىلغار خىزمەتچى» بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى. جۇڭگو يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى تەرىپىدىن مەملىكەت دەرىجىلىك «مۇنەۋۋەر كاسسىر» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشىپ مۇكاپاتلاندى ۋە شەرەپ گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى.



# پۇل مۇئامىلە سېپىدىكى ئىلغار خەزىنىچى

ئاھمەت ئابدۇللا

ئەگەر سىز يەكەن ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكا تىجارەت ئورنىغا كىرسىڭىز چېكىسىنى قىراۋ باسقان، ھايات قاينىملىرىدا ئۆزىنى ئۇنتۇتقان ھالدا بىرلا مەقسەت ئۈچۈن تىنىمسىز ئىزدىنىپ، 30 نەچچە يىلنى ئۈچ ھەپتىدەكلا ئۆتكۈزگەن، كومپارتىيە ئەزاسى پاتەمخاننىڭ توپ-توپ پۇل دۆۋىلىرى ئىچىدە تىنىم تاپماي ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز. ئۇ، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان، بولۇپمۇ ھەر يىللىق ھوسۇل پەسلىدىكى ۋەزىپە نەچچە ھەسسە ئېغىرلاشقان پەيتلەردىمۇ ئاساسىي قاتلام تىجارەت پونكىتلىرى ۋە ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرىدىن كۈنىگە كېلىپ تۇرىدىغان نەچچە يۈز مىڭ يۈەن نەق پۇلنى خاتاسىز ساناپ، خەزىنىگە ۋاقتىدا تاپشۇرۇپ، نەق پۇلنىڭ بىخەتەرلىكىگە، پايدىنىڭ ئېشىشىغا، پىلان، بوغالتىرىيە-كاسسا خىزمىتى ۋە ئاساسىي قاتلام تىجارەت ئورۇنلىرىنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىنىڭ نورمال يۈرۈشلەشتۈرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشتا كۆرۈنەرلىك كۈچ چىقىرىپ، پۇل مۇئامىلە خادىملىرى ۋە مۇئامىلىدارلارنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە، رەھبەرلىكنىڭ تەقدىرلىشىگە سازاۋەر بولدى.

پاتەمخان 1958-يىلى بىر تۇتاش ئېلىنغان ئىمتىھاندىن لاياقەتلىك ئۆتۈپ، قەشقەر مالىيە-سودا مەكتەپ بانكا بوغالتىرلىق سىنىپىغا قوبۇل قىلىنغانىدى. 1961-يىلى ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، ئەينى ۋاقىتتىكى يەكەن ناھىيىلىك خەلق بانكىسىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىندى. ئۇ، خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىن، ئۆز كەسپىگە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلاپ، پېشقەدەملەرنى ئۇستاز تۇتۇپ، كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاپ، ھەر تەرەپلىمە پىشىپ يېتىلدى. ھەممىدە ئۆزىدە قايسى خىزمەتنى ئىشلىسە شۇنى ئەستايىدىل بېرىلىپ ئىشلەيدىغان ياخشى كەسپىي ئەخلاق يېتىلدۈردى. ئۇ قانچە-قانچە قېتىملاپ مۇئامىلىدارلارنىڭ ئارتۇق ئۆتكۈزىۋەتكەن پۇلىنى ئىگىسىگە، ئىگىسىنى تاپالمىغانلىرىنى تەشكىلگە قايتۇرۇپ بەردى. بۇ يىل 3-ئاينىڭ 26-كۈنى ئىز يەلە ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ كاسسىرى ئۆتكۈزگەن پۇلنى قايتا ساناپ، توپتوغرا 1000 يۈەن ئارتۇق ئىكەنلىكىنى بىلدى-دە، دەرھال ئالاقىلىشىپ پۇلنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەردى ۋە ئۆز سەۋەنلىكى ئۈچۈن ئەپۇ سورىدى. پاتەم ئوردى خىزمەتتىكى ئىجتىھاتى، ئىشنىڭ ئېغىرىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلەشتەك پىداكار روھى بىلەن باشقىلارغا بولۇپمۇ ياشلارغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنى يېتەك-

(ئاخىرى 8-بەتتە)

## دۆلىتىمىزنىڭ بەش نەپەر ئايال باش ئەلچىسى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، دۆلىتىمىز جەمئىي بەش نەپەر ئايال باش ئەلچى تەيىنلىدى. بىرىنچىسى، دىڭ شۆسۈڭ، ئۇ 1979 - ۋە 1982 - يىلى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، گوللاندىيە ۋە دانىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچى بولۇپ تەيىنلەندى. 1984-يىلى ۋەزىپىسىدىن ئايرىلدى. ئىككىنچىسى، گوڭ پۇشېڭ، ئۇ 1980 - يىلى ئىرلاندىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلەندى. 1983 - يىلى ۋەزىپىسىدىن ئايرىلدى. ئۈچىنچىسى، لى فىباڭ، ئۇ 1982 - يىلى سپوروستا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلەندى، 1985 - يىلى ۋەزىپىسىدىن ئايرىلدى. تۆتىنچىسى، لىن ئەيلى، ئۇ 1985 - يىلى فىنلاندىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلەندى. بەشىنچىسى، ۋاڭ گۈيشىن، ئۇ 1985- يىلى گوللاندىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلەندى.

ئابدۇللا سىدىق تەرجىمىسى

## ئىلمىي ئاياللارنىڭ بىلىم سەۋىيىسى كۈنسايىن ئۆرلىمەكتە

ئىلمىي ئاياللارنىڭ ئالىملىشىش دەرىجىسى كۈندىن-كۈنگە يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە.

گوۋۇيۈەن ئۇنۋان ئىشخانىسىنىڭ تولۇقسىز ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، جۇڭگودا ھازىر ئاياللاردىن دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغانلار 42 نەپەر، ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئالغانلار يەتتە مىڭدىن ئاشىدىكەن.

جۇڭگونىڭ ئۇنۋان تۈزۈمى 1981 - يىلى يولغا قويۇلغان، شۇ چاغدا پەقەت شۈي گوڭچياۋ دېگەن ئاياللا دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنىدى. ھازىر جۇڭگودا دوكتورلۇق ئۇنۋانى بېرىشكە بولىدىغان پەنلەرنىڭ يەتتىسىدە ئاياللار بار.

ئاياللار ئىچىدىن ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئالغانلارنىڭ سانى 1986 - يىلىدىن باشلاپ ناھايىتى تېز كۆپەيدى. شۇ يىلى ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئايال يېڭىدىن ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ، 52 مىڭدىن ئارتۇق ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ئادەم ئىچىدە ئاياللار بىراقلا 13,6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

ئايال دوكتورلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ يېشى 40 ياش ئەتراپىدا، ئايال ماگىستىرلارنىڭ يېشى 20 - 30 ياشقا مەركەزلەشكەن، بۇنىڭ ئىچىدە يېشى كىچىكى ئەمدى 21 ياشقا كىرگەن. ھازىر ئۇيغۇر، موڭغۇل، چاۋشيەن، مانجۇ، خۇيزۇ، تۇجيا، جۇاڭزۇ قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئايال ماگىستىر ۋە ئاسپىرانتلار بار.

سادەت تەرجىمىسى

# يوقاپ كەتكەن ياكى ئۆلگەن دەپ پەرەز قىلىنغان كىشىلەرنىڭ مال-مۈلكى ۋە نىكاھ مەسىلىسى قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ

سوئال: تۇرمۇشتا ئادەملەر ھەرخىل سەۋەب ياكى ھادىسىلەر تۈپەيلىدىن ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كېتىدىغان، جورىسى بولغۇچى ئۇنى ئۆلدى دەپ پەرەز قىلىپ باشقا بىرى بىلەن نىكاھلىنىدىغان ۋە مال-مۈلكىنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىدىغان ئىشلار ئۇچراپ قالىدۇ. ئەگەر يوقاپ كەتكۈچى مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن پەيدا بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ نىكاھ ۋە مال-مۈلۈك مۇناسىۋىتى قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؟ نىكاھلىنىۋالغان تەرەپ جازالىنامدۇ؟

شايار ناھىيىسىدىن: ئەھەت ئېزىز

جاۋاب: رېئال تۇرمۇشتا ئۇرۇش، تەبىئىي ئاپەت ياكى باشقا تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بەزى ئادەملەرنىڭ ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كېتىش ھادىسىسى كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كەتكەنلەرنىڭ ھايات ياكى ئۆلگەنلىكىنىڭ ئۇزاققىچە مەلۇم بولماسلىقى، ئۇنىڭ جورىسى، پەرزەنتلىرى، ئاتا-ئانىسى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ھەق تەلەپ مۇناسىۋىتى بولغان كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە چېتىلىدۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭ ئائىلە ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ئۇزاققىچە ئېنىق بولمىغان ھالەت شەكىللىنىدۇ. بۇنداق ئەھۋال داۋاملىشىۋەرسە، نۇرغۇن مەسىلىلەر كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنى ئومۇمىي قائىدىسى» دا بۇنىڭغا ئائىت ئالاھىدە بەلگىلىمىلەر بەلگىلەنگەن، يۇقىرىقىدەك مەسىلىلەر قانۇن بويىچە تۆۋەندىكىدەك بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

1. يوقاپ كەتكەنلىكىنى جاكارلاش

پۇقرا ئۆزىنىڭ ئولتۇرۇشلۇق ماكانىدىن ياكى تۇرۇشلۇق جايىدىن ئايرىلىپ كېتىپ، مەلۇم مۇددەتكىچە ئىز-دېرىكى بولمىسا، مەنپەئەتدار كىشىنىڭ ئىلتىماس قىلىشى بىلەن، خەلق سوت مەھكىمىسى پاكىتلارنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، يوقاپ كەتكەن كىشى، دەپ جاكارلىسا بولىدۇ.

بىرىنچى، يوقاپ كەتكەنلىكنى جاكارلاشنىڭ شەرتلىرى

ھەق تەلەپ قانۇنى ئومۇمىي قائىدىسىنىڭ 20-ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن مەلۇم پۇقرانى يوقاپ كەتكەن كىشى دەپ جاكارلاشتا تۆۋەندىكى شەرتلەر ھازىرلىنىشى كېرەك.

(1) يوقاپ كەتكەن كىشى دەپ جاكارلانغان كىشىنىڭ ئولتۇرۇشلۇق ماكانىدىن ئايرىلىپ كەتكەن پاكىت بولۇشى شەرت. ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ھېچقانداق خەۋىرى ياكى ئىز-دېرىكى يوق بولۇشى شەرت.

(2) ئىز-دېرىكى مەلۇم بولمىغانلىقىغا ئىككى يىل توشقان بولۇشى شەرت؛ بۇنىڭ ئىچىدە ئۇرۇش مەزگىلىدە ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كەتكەنلەرنىڭ يوقاپ كەتكەن ۋاقتى ئۇرۇش ئاياغلاشقان كۈندىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ.

(3) مەنپەئەتدار كىشى خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئىلتىماس قىلغان بولۇشى شەرت.

مەنپەئەتدار كىشىلەر دەپ قانۇن جەھەتتە يوقاپ كەتكەن كىشى بىلەن پايدا-زىيان مۇناسىۋىتى بارلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇلار يوقاپ كەتكەن كىشىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى،

جورىسى، پەرزەنتلىرى، ئاتا ـ ئانىسى، ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللىرى، ۋەسىيىسى) ۋە ئۇنى قوغداش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان ئىدارە، تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىلى، ئىلىمدارلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(4) خەلق سوت مەھكىمىسى قانۇن بويىچە يوقاپ كەتكەن دەپ جاكارلىشى شەرت. باشقا ھېچقانداق ئورۇننىڭ مەلۇم پۇقرانى يوقاپ كەتكەن كىشى دەپ جاكارلاش ھوقۇقى بولمايدۇ.

ئىككىنچى، يوقاپ كەتكەن كىشىنىڭ مال ـ مۈلكىنى باشقۇرۇش

يوقاپ كەتكەن كىشىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئۇنىڭ جورىسى، ئاتا ـ ئانىسى، بالاغەتكە يەتكەن پەرزەنتلىرى ياكى مۇناسىۋىتى يېقىن بولغان باشقا تۇغقانلىرى، دوستلىرى ۋەكالىتەن باشقۇرۇشى كېرەك.

مەلۇم ئەھۋالدا، مال ـ مۈلكىنى باشقۇرغۇچىنى خەلق سوت مەھكىمىسى بەلگىلەشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن:

(1) يوقىرىدا ئېيتىلغان يېقىن تۇغقانلىرى ياكى دوستلىرىنىڭ ۋەكالىتەن باشقۇرۇشى ئۈستىدە تالاش ـ تارتىش بولۇپ قالسا؛

(2) ۋەكالىتەن باشقۇرىدىغان يېقىن تۇغقىنى ياكى دوستى بولمىسا؛

(3) يېقىن تۇغقانلىرى ياكى دوستلىرىنىڭ ۋەكالىتەن باشقۇرۇشقا قۇربى يەتمىسە؛

بۇنداق ئەھۋالدا خەلق سوت مەھكىمىسى بەلگىلەپ بەرگەن كىشى ۋەكالىتەن باشقۇرىدۇ.

يوقاپ كەتكەن كىشىنىڭ زىممىسىدە قالغان باج، قەرزلىرىنى ۋە تۆلەشكە تېگىشلىك باشقا چىقىملىرىنى مەسىلەن، يوقاپ كەتكەن كىشى تۆلەيدىغان بېقىش خىراجىتى، يوقاپ كەتكەن كىشىنىڭ مال ـ مۈلكىنى باشقۇرۇشقا كېتىدىغان چىقىملارنى ۋەكالىتەن باشقۇرغۇچى يوقاپ كەتكەن كىشىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن تۆلەيدۇ.

ئۈچىنچى، يوقاپ كەتتى دەپ جاكارلانغان ئېلاننىڭ بىكار قىلىنىشى

يوقاپ كەتكەنلىكىنى جاكارلاش يوقاپ كەتكەن كىشىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىك پاكىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت؛ ئەگەر يوقاپ كەتتى، دەپ جاكارلانغان كىشى پەيدا بولۇپ قالسا ياكى بىرەر كىشى ئۇنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى بىلسە، ئۇ ھالدا يوقاپ كەتكەنلىك پاكىت مەۋجۇت بولماي قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، يوقاپ كەتكەن كىشىنىڭ ياكى مەنپەئەتدار كىشىنىڭ ئىلتىماس قىلىشى بىلەن، خەلق سوت مەھكىمىسى ئۇنى يوقاپ كەتتى دەپ چىقارغان ئېلاننى بىكار قىلىشى كېرەك.

2. ئۆلگەنلىكىنى جاكارلاش

يوقاپ كەتكەنلىكىنى جاكارلاش ئارقىلىق يوقاپ كەتكەن كىشىنىڭ مال ـ مۈلكىنى، ۋەكالىتەن باشقۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى ۋە قىسمەن مال ـ مۈلۈك مۇناسىۋىتىنى مۇقىملاشتۇرغىلى بولىسمۇ، ئەمما يوقاپ كەتكەن ھالەت ئۇزاققىچە داۋاملىشىۋەرسە، ئالاقىدار كىشىنىڭ ئۇزاق ۋاقىت يوقاپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان مال ـ مۈلۈك مۇناسىۋىتى ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ تۇراقسىزلىق ھالىتى تۈپتىن تۈگىمەيدۇ. بۇ ھال مەنپەئەتدار كىشىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرتىپىنى ساقلاشقا يەنىلا پايدىسىز بولىدۇ. شۇڭا ھەق تەلەپ قانۇنىدا، ئۆلگەنلىكىنى جاكارلاش ھەققىدىمۇ بەلگىلىمە چىقىرىلغان. يوقاپ كەتكەن كىشىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىگە مەلۇم ۋاقىت بولغاندىن كېيىن، مەنپەئەتدار كىشىنىڭ ئىلتىماس قىلىشى بىلەن

خەلق سوت مەھكىمىسى قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپلەر بويىچە يوقاپ كەتكەن كىشىلىنى ئۆلدى دەپ جاكارلىسا بولىدۇ. ئۆلگەنلىكىنى جاكارلاش ماھىيەتتە، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ يوقاپ كەتكەن كىشىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى قانۇن بويىچە مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان قانۇن جەھەتتىكى بىر خىل پەرەزدۇر.

بىرىنچى، ئۆلگەنلىكىنى جاكارلاشنىڭ شەرتلىرى

ھەق تەلەپ قانۇنى ئومۇمىي قائىدىسىنىڭ 23-ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن ئۆلگەنلىكىنى جاكارلاشتا تۆۋەندىكى شەرتلەر ھازىرلىنىشى كېرەك:

(1) تۆت يىلغىچە ئىز-دېرەكى بولمىغان بولۇشى شەرت.

(2) كۈتۈلمىگەن ۋەقە يۈز بېرىش (مەسىلەن، يەر تەۋرەش، سۇ ۋە بوران ئاپىتىگە ئۇچراش قاتارلىق) سەۋەبىدىن ۋەقە يۈز بېرىپ ئىككى يىلغىچە ئىز-دېرەكى بولمىغان بولۇشى شەرت.

ئۇرۇش مەزگىلىدە ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كەتكەنلەر بولسا، ئۇلارنىڭ يوقاپ كەتكەن ۋاقتى ئۇرۇش ئاياغلاشقان كۈندىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ.

(3) مەنپەئەتدار كىشىلەر خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئىلتىماس سۇنۇشى كېرەك.

(4) ئۆلگەنلىكىنى خەلق سوت مەھكىمىسى جاكارلىشى شەرت. باشقا ھەرقانداق ئورۇننىڭ پۇقرانى ئۆلگەن دەپ جاكارلاش ھوقۇقى بولمايدۇ.

ئىككىنچى، ئۆلگەن دەپ جاكارلانغان ئېلاننىڭ بىكار قىلىنىشى

يوقاپ كەتكەن كىشىنى ئۆلگەن دەپ جاكارلاش پەقەت بىر خىل قانۇنىي پەرەزدىنلا ئىبارەت. ئۆلگەن دەپ جاكارلانغان كىشى پەيدا بولۇپ قالسا ياكى بىرەيلەن ئۇنىڭ ئۆلمىگەنلىكىنى ئېنىق بىلسە، خەلق سوت مەھكىمىسى شۇ كىشىنىڭ ياكى شۇ كىشى بىلەن مەنپەئەتدارلىق مۇناسىۋىتى بار كىشىنىڭ ئىلتىماسى بويىچە ئۆلگەن دەپ جاكارلىغان ئېلاننى بىكار قىلىشى كېرەك. ھەق تەلەپ ئىشلىرىدا ھەرىكەت ئىقتىدارى بار كىشىنىڭ ئۆلگەن دەپ جاكارلانغان مەزگىلدە ئېلىپ بارغان ھەق تەلەپ ئىشلىرىغا دائىر قانۇنىي ھەرىكەتلىرىنى كۈچكە ئىگە دەپ ئېتىراپ قىلىش كېرەك.

ئۆلگەن دەپ جاكارلانغان كىشى ئۆزى ئۈستىدە چىقىرىلغان ئېلان بىكار قىلىنغاندىن كېيىن، بىر تەرەپ قىلىۋېتىلگەن ياكى ۋەكالەتەن باشقۇرۇلغان مال-مۈلكىنى قايتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلغاندا، ۋارىسلىق قانۇنى بويىچە ئۇنىڭ مال-مۈلكىگە ئىگە پۇقرا ياكى تەشكىلات شۇ مال-مۈلۈكنىڭ ئۆزىنى قايتۇرۇپ بېرىشى كېرەك، مال-مۈلۈكنىڭ ئۆزى بولمىسا، ئۇنى مۇۋاپىق يول بىلەن تۆلەپ بەرسە بولىدۇ.

نىكاھ مۇناسىۋىتى مۇنداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ:

ئىلگىرىكى جورىسى نىكاھلانمىغان بولسا، ئۇنىڭ بىلەن نىكاھ مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرسە بولىدۇ. ئەگەر ئىلگىرىكى جورىسى نىكاھلانغان بولسا، ئىلگىرىكى نىكاھ مۇناسىۋىتى يوقالغان بولىدۇ. يېڭى نىكاھ مۇناسىۋىتىنى قانۇنلۇق نىكاھ دەپ ئېتىراپ قىلىش كېرەك.

يوقاپ كەتكەنلىكىنى ياكى ئۆلگەنلىكىنى خەلق سوت مەھكىمىسى جاكارلىغاندىن كېيىن، نىكاھلانغانلار قوش نىكاھلىنىۋېلىش جىنايىتى بويىچە جازالانمايدۇ. چۈنكى، كېيىنكى نىكاھ قانۇنلۇق نىكاھ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى قوغداشقا بولىدۇ.

ئىبراھىم تىلىۋالدى



# بالىلارنىڭ ئەخلاقىي ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش جەھەتتىكى ئائىلە تەربىيىسى

بالىلارنى ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيىلەشتە ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ گۆدەك قەلبىدە ياخشى ئەخلاقىي ئاڭ پەيدا قىلىش — ئائىلە تەربىيىسىدە سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم بىر ۋەزىپە. بالىلار ھەرىكەتتىن كېيىن ئاڭ شەكىللەندۈرىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ. شۇڭا بالىلاردا «ياخشى ئاڭ»، «باشقىلارنى كۆزلەش ئىدىيىسى»نى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش بىلەن ئۇلاردا توغرا ئەخلاقىي ھەرىكەتنى يېتىلدۈرۈشنى ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ. تۆۋەندە بالىلارنىڭ ئەخلاقىي ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشتىكى بىر قانچە خىل ئائىلە تەربىيە ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرىمىز:

1. ھېكايە ئېيتىپ بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق، بالىلاردا باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىش ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشكە بولىدۇ. مېنىڭ بالام چىن چىن بالىلار باغچىسىدا سول كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان لىن لىن دېگەن بالا بىلەن ئويناتۇرۇشنى ياقتۇرمايتتى. مەن ئۇنىڭ لىن لىنغا بولغان ھېسداشلىقىنى قوزغاش ئۈچۈن كىچىك ھايۋانلار تېما قىلىنغان مۇنداق بىر ھېكايىنى توقۇپ چىقىپ، ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردىم. «بىر قوزا كېسەل بولۇپ قالغانىكەن، باشقا كىچىك ھايۋانلار ئۇنى ئارىغا ئالماي، بىللە ئوينىماپتۇ. قوزىنىڭ بۇ ئىشتىن كۆڭلى يېرىم بولۇپ ئۆزى يالغۇز ئوتلاققا بېرىپ ئەلەم بىلەن قاتتىق يىغلاپتۇ. ئۇنىڭ يىغىسىدىن زاراڭزىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، گۈل بەرگىلىرى تۆكۈلۈپتۇ، قۇشقاچلارمۇ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ ناخشىسىنى توختىتىپتۇ؛ قۇياشنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلۇپ بۇلۇتنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇپتۇ؛ بۇلۇت ھەدىسىنىڭمۇ كۆز ياشلىرى تامچە-تامچە بولۇپ ئېقىپتۇ». سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، چىن چىن كۆزىنى چوڭ ئېچىپ: «نېمە ئۈچۈن كىچىك ھايۋانلار قوزا بىلەن ئوينىمايدۇ؟» دەپ مەندىن سورىدى. مەن: «كىچىك ھايۋانلار قوزىنى كېسەل دەپ ياراتماي ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئوينىماپتۇ، قوزىچاق نېمىدېگەن بىچارە-ھە؟» دېگەنىدىم، ئۇ ماقۇللاپ بېشىنى لىڭشىتتى ۋە كۆز چانىقىدىن ئىككى تامچە ياش دومىلاپ چۈشتى. ئارقىدىنلا مەن ئۇنىڭغا: «لىن لىنمۇ مۇشۇ قوزىغا ئوخشاش كېسەل بولۇپ قاپتۇ، ئۇ ھېسداشلىق قىلىشقا ئەرزىمەمدۇ-ئەرزىمەمدۇ؟» دېۋىدىم، چىن چىننىڭ يۈزلىرى شۇئان قىزىرىپ كەتتى. ئەتىسى ئۇ باغچىغا بارغاندا لىن لىن بىلەن بىللە ئولتۇرۇشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قىپتۇ ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى زادىلا بوزەك قىلماپتۇ.

2. بالىلارنى چوڭلار پائالىيىتىگە مۇۋاپىق قاتناشتۇرۇش لازىم. بالىلارنى ئەمگەكنى سۆيىدىغان قىلىپ تەربىيىلەش ئۈچۈن، ئاتا-ئانىلار ئاڭلىق ھالدا ئۆز پەرزەنتلىرىگە باشلامچى بولۇپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ چامى يېتىدىغان ئەمگەكلەرگە قاتناشتۇرۇش كېرەك. ئالايلۇق، ئانىلار ئائىلە ئىشلىرىنى قىلغاندا، بالىلارغا ئانچە-مۇنچە ئىش تەقسىم قىلىپ بېرىش، بالىنىڭ ھېرىپ كېتىشى ۋە خاپا بولۇپ قېلىشىدىن قورقماي، ئەمگەك ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىشى لازىم. بالىلارنى ئۆزلىرىنىڭ كۈچى يېتىدىغان ئەمگەكلەرگە قاتناشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۇلاردا ئەمگەكنىڭ جاپالىقلىقىغا قارىتا تونۇش پەيدا قىلغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، بالىلارغا تۇرمۇشنىڭ جاپا-مۇشەققىتىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئاتا-ئانىلار ئۇلارغا قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش پۇرسىتىنى يارىتىپ بېرىشى لازىم. بالىلاردا قىيىنچىلىقتىن قورقۇش كەيپىياتى پەيدا بولغاندا، ئۇلارنى شۇ پەيتنىڭ ئۆزىدىلا رىغبەتلەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ كېلەچەكتە ئەگرى-توقاي يوللاردا قورقماي، تەمتىرىمەي مېڭىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش لازىم.

3. ئاتا-ئانىلار ئۆزلىرى ئۈلگە كۆرسىتىشى كېرەك. بالىلاردىكى توغرا ئەخلاقىي ھەرىكەتنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئاتا-ئانىلارنىڭ ھەقىقىي ئۈلگە كۆرسىتىشى ئارقىسىدا پەيدىنپەي شەكىللىنىدۇ. ئاتا-ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىدە ئالدى بىلەن باشقىلارنى كۆزلەيدىغان ياخشى ئەخلاقىي ئادەتنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، بالىنىڭ چوڭ ئاپىسى، چوڭ دادىسى قاتناشقان بىر قېتىملىق ئائىلە يىغىلىشىنى تەشكىللەپ، دادا ياكى ئاپا ئۈستەلگە قويۇلغان چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشىمايدىغان ئالمىلارنىڭ ئىچىدىن ئەڭ چوڭ، ئەڭ ياخشىسىنى تاللاپ، چوڭ دادا، چوڭ ئاپىسىغا بەرسە، بالىلارنىڭ مېڭىسىدە ئەڭ چوڭ، ئەڭ ياخشى نەرسىلەر ئاۋۋال چوڭلارغا بېرىلىدىكەن، دېگەن بىر خىل ئۇقۇم پەيدا بولىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئاتا-ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىگە مۇشۇنداق ياخشى ئۈلگىلەرنى كۆپرەك كۆرسىتىپ بېرىدىكەن، بالىلاردا «ئالدى بىلەن باشقىلارنى كۆزلەش» تەك ئەخلاقىي ھەرىكەت ۋە ئادەت ئۆزلۈكىدىن يېتىلىدۇ.

4. بالىلارنى تەقدىرلەش، مۇكاپاتلاش ئۆز لايىقىدا بولۇشى لازىم. تەقدىرلەش — ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلارنىڭ ئەخلاقلىق ئىش ھەرىكەتلىرىنى مۇستەھكەملەشتۈرۈشتىكى توغرا تەربىيە ئۇسۇلى. لېكىن تەقدىرلەش ئۆز لايىقىدا بولمىسا، بالىدا شۆھرەتپەرەسلىك، مەغرۇرلۇق، مەنمەنچىلىك پسخىك ھالىتىنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ. بەزى ئاتا-ئانىلار بالىلىرى قىلىشقا تېگىشلىك بىرەر ئىشنى قىلغاندا ياكى چوقۇم بىلىشكە تېگىشلىك بىرەر مەسىلىگە جاۋاب بەرگەندە «يارايسەن»، «ئەقىللىقسەن» دېگەنگە ئوخشاش مەدھىيە سۆزلىرى بىلەن بالىسىنى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ئارتۇقچە ماختاپ كېتىدۇ. بۇنداق قىلىش تەقدىرلەشنىڭ ئەسلىدىكى ئۈنۈمىگە تەسىر يەتكۈزۈپ قويىدۇ. شۇڭا ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنى ئۆز لايىقىدا تەقدىرلەش ھەم مۇكاپاتلاشنى بىلىۋېلىشى لازىم. ئالايلۇق، بالىلار ياخشى ئىش قىلغاندا ياكى بالىلار باغچىسى تەرىپىدىن ياخشى بالا دەپ باھالانغاندا، ئائىلە باشلىقلىرى مەمنۇن بولغان ھالدا پەرزەنتىنىڭ بېشىنى سىلاپ، خۇشال بولغانلىقىنى بىلدۈرسە ياكى بالىسى ئۇزۇندىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان ئويۇنچۇقنى ئېلىپ بەرسە بولىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، تەقدىرلەش — بالىلارنىڭ كېلەچەكتىكى ھەرىكەت نىشانىنى ئوچۇق كۆرسىتىش، بالىنى رىغبەتلەندۈرۈپ تېخىمۇ تىرىشچان قىلىشنى مەقسەت قىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىلىشى لازىم.

ئالاۋىدىن ئابدۇرېھىم تەرجىمىسى

# قانداق ئائىلىلەردىكى ياش - ئۆسمۈرلەر ئاسانلا جىنايەت ئۆتكۈزۈش يولىغا مېڭىپ قالىدۇ

ئېلىمىزنىڭ ئەدلىيە ئەمەلىيىتىدە، چوڭلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتى تەخمىنەن 18 پىرسەنتنى، تېخى جەمئىيەتكە قەدەم قويمىغان، ئاتا - ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە تۇرۇۋاتقان ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتى 80 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ.

ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ 143 نەپەر جىنايەتچىنىڭ ئائىلە ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشىدىن قارىغاندا، جىنايەت ئۆتكۈزۈش بىلەن ئائىلە خۇددى ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ كۆلەڭگىسىگە ئوخشاش بىر - بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدىكەن. يىغىنچاقلىغاندا، تۆۋەندىكى بىر نەچچە خىل ئائىلىلەردە ياش - ئۆسمۈرلەر جىنايەت ئۆتكۈزۈش يولىغا ئاسان مېڭىپ قالىدۇ.

1. سۆز - ھەرىكەتتە دىققەت قىلمايدىغان ئائىلىلەر. بۇخىل ئائىلىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ تەخمىنەن 26 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنداق ئائىلىلەردىكى ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ ئالدىدا ئەر - خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان سۆز - ھەرىكەتلىرىنى يوشۇرمايدۇ. ئىشق - مۇھەببەت ھەققىدىكى گەپ - سۆزلەرنى ئاشكارا سۆزلەۋېرىدۇ. ھەتتا ئائىلىدە شەھۋانە ئۇنئالغۇ ۋە سىنئالغۇ لېنتىلىرىنى قويۇۋېرىدۇ. ئىشق - مۇھەببەت ۋە قاتىللىققا دائىر كىتاب - ژۇرناللارنى ئەكىلىپ كۆرىدۇ.

2. پاك بولمىغان ئائىلىلەر. بۇ خىل ئائىلىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ تەخمىنەن 24 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنداق ئائىلىلەردىكى ئاتا - ئانىلار چوڭ بولسۇن، كىچىك بولسۇن ھوقۇق تۇتقانلار بولۇپ، ئۇلار باشقىلارنىڭ سوۋغاتلىرىنى ئۈزلۈكسىز قوبۇل قىلىپ تۇرىدۇ. ھەتتا باشقىلارنى قاقتى - سوقتى قىلىدۇ. بەزى ئاتا - ئانىلار ھە دېسىلا مېھمان چاقىرىپ، چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىدۇ، ئىسراپخورلۇق قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ خىيانەت قىلىش، پارا ئېلىش، پارا بېرىش، ئىقتىسادنى بۇزۇپ - چېچىشنى ئۆگىنىۋېلىپ، ئاخىرى چۈشكۈنلىشىش ۋە چىرىكلىشىشكە قاراپ ماڭىدۇ.

3. ساغلام بولمىغان ئائىلىلەر. بۇ خىل ئائىلىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ تەخمىنەن 24 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇنداق ئائىلىلەردە بىرىنچىدىن، ئاتا - ئانىلارنىڭ ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى نورمال بولمايدۇ، ئىككىنچىدىن، ئاتا-ئانىنىڭ ئاجراشقان، ئەر ياكى ئايال كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىپ، پەرزەنتلەر ئاتا - ئانىنىڭ مېھرىگە قانمىغان، ياخشى بېقىلمىغان ۋە تەربىيىلەنمىگەن. ئۈچىنچىدىن، ئۆگەي ئانا ياكى ئۆگەي دادىنىڭ بالىلىرى كۆپ بولۇپ، ئائىلىدە جېدەل - ماجىرا تۈگىمىگەن، مۇناسىۋىتى

# ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتتىكى ھېسسىيات

مەمتىلى دانى

ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت ئائىلە مۇناسىۋىتىنىڭ يادروسى. بۇ مۇناسىۋەت جايىدا بولسا، باشقا مۇناسىۋەتلەر ئۆز يولىدا ئوبدان يۈرۈشۈپ تۇرىدۇ. ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت تۈپ ئاساستىن ئوبدان ھەل قىلىنمايدىكەن، قېيىن ئاتا ـ قېيىن ئانا بىلەن كېلىن ياكى كۈيئوغۇل مۇناسىۋىتى، ئۇرۇق ـ تۇغقان، قەۋم ـ قېرىنداشلار مۇناسىۋىتى ۋە ئاتا ـ ئانىلار بىلەن پەرزەنتلەر مۇناسىۋىتى قاتارلىق باشقا مۇناسىۋەتلەرنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشتىن ئېغىز ئېچىش قىيىن. بۇنى ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنىڭ مۇھىملىقى ۋە يېتەكچى خاراكتېرى بەلگىلىگەن. ئۇنداق بولسا، ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتتىكى ئەڭ نېگىزلىك مەسىلە نېمە؟ شۇنداق دەپ جاۋاب بېرىش كېرەككى، ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتتىكى ئەڭ نېگىزلىك مەسىلە بىر ـ بىرىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى كۆرۈش، بىر ـ بىرىگە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلاشتۇر.

بىر ئەر بىلەن بىر ئايالنىڭ ئائىلە قۇرۇشى پۇل، مەرتىۋە، ئابروي ياكى باشقا نەرسىنى ئەمەس، بەلكى بىر ـ بىرىنى ياقتۇرىدىغان كۈچلۈك مۇھەببەتنى ئاساس قىلىشى كېرەك. مۇنداق بولمايدىكەن، كۆڭلەرنىڭ بىردە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى چوقۇم نورمالسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. گېرمانىيىلىك مەشھۇر مۇزىكانت بېتخوۋىن: «ئىككى تەننىڭ مۇھەببەتسىز ھالدىكى بىرلىشىشىنى ھايۋانلارمۇ ئورۇندىيالايدۇ» دېگەنىدى. بۇ ناھايىتىمۇ جايىدا دېيىلگەن گەپ. مۇھەببەتنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە مۇستەھكەملىنىشى كۆپ تەرەپلىمە ئامىللارغا باغلىق. چىراي، تەققى ـ تۇرق، خاراكتېر، مىجەز ـ خۇلق، سۆز ـ ھەرىكەت، قەلب، دىت، ئىقتىدار، غايە ۋە ئىرادە، ئىجتىمائىي ئورۇن ۋە ئىجتىمائىي باھا دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ھالدا مۇھەببەت ـ ھېسسىيات مەسىلىسىگە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياخشى كۆرۈش ۋە

---

نورمال ئەمەس ئائىلىلەر.

4. ئىناق بولمىغان ئائىلىلەر. بۇ خىلدىكى ئائىلىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ تەخمىنەن 70 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇنداق ئائىلىدىكى ئەر ـ خوتۇن ھېسسىيات جەھەتتىن بىرلىككە كېلىشنى بىلمەيدۇ، ئۆزئارا يول قويۇشمايدۇ، ھە دېسىلا كەسكىن تالاش ـ تارتىش قىلىشىدۇ، پەرزەنتلەر ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقىنى ئاسانلا ئۆگىنىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قوپال، مەدەنىيەتسىز، جېدەلخور بولۇپ يېتىلىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلەرنىڭ تۇنجى ئوقۇتقۇچىسى، ئائىلە پەرزەنتلەرنىڭ تۇنجى دەرسخانىسى. ئاتا ـ ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ياخشى ئادەم بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىكەن، ئۇنداقتا يۇقىرىقى تەرەپلەردىن ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرۈشى كېرەك.

مامۇت بارات تەرجىمىسى

ئاللاش دىل يۇقىرىقى جەھەتلەر تۈپەيلىدىن چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا، چىراي ۋە تەقى-تۇرقى كېلىشكەن كىشىلەر ئۆزىنى خاراكتېر، مىجەز، سۆز-ھەرىكەت ۋە قەلب جەھەتتىن كۆپرەك يېتىشتۈرۈشى، چىراي ۋە تەقى-تۇرقى ئانچە ئەمەسلەر بۇ جەھەتكە ئېتىبار بىلەن قارىشى كېرەك. ئەنگلىيە پەيلاسوپى بېكون: «گۈزەللىك جەھەتتە چىراي گۈزەللىكى رەڭدارلىقتىن يۇقىرى تۇرىدۇ. ئەمما نازاكەت گۈزەللىكى چىراي گۈزەللىكىنى بېسىپ چۈشىدۇ» دەيدۇ. بۇ، ئاساسەن ئاياللاردا بولۇشقا تېگىشلىك خاراكتېر ۋە خۇلقنىڭ مۇھىملىقىغا نىسبەتەن ئېيتىلغان. دەۋرىمىز ئاياللىرى جەمئىيەت ئۈچۈن ئاجايىپ تۆھپىلەرنى قوشتى. بىراق، ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەت ۋە ئائىلە سېلىقى ئۇلارنىڭ ئاياللارغا خاس يۇرۇش-تۇرۇشى ۋە نازاكىتىنى يوقىتىپ باردى. ئەرلەردىن قېلىشمايدىغان ئىجتىمائىي ئورۇن ئۇلارنىڭ پسىخىك خاراكتېرىنىمۇ قوپاللاشتۇرۇپ قويدى. بۇ ئاياللارنىڭ دىققەت قىلىشقا ۋە تىرىشىپ تولۇقلىۋېلىشقا تېگىشلىك بىر تەرەپ.

تەقى-تۇرقى، سالاپەت ۋە بەدەن گۈزەللىكى ئاياللار ئۈچۈنلا ئەمەس، ئەرلەر ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا مۇھىم. ئۇ، ئەر-ئايال مۇناسىۋىتىدە بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈشتىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. ئۇ باشقا ھەرقانداق ھېسسىياتلارغا ئوخشىمايدۇ. ئەمما مۇھىمى، ئەر-خوتۇنلۇق ھېسسىياتىنى سۇسلاشتۇرۇپ قويماسلىقنىڭ بىردىنبىر يولى، ئەر-خوتۇن خۇددى بىر جۈپ ئاشىق-مەشۇقنىڭ توي قىلىش ئالدىدىكى ۋاقتىدىكىدەك، بىر-بىرىنى جەلپ قىلىشقا، ھېسسىيات ئالماشتۇرۇشقا، تۇرمۇش مەزمۇنلىرىنى موللاشتۇرۇشقا، تۇرمۇش شەكىللىرىنى يېڭىلاپ تۇرۇشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش، مەنىۋى جەھەتتىن بىر-بىرىگە پۈتمەس-تۈگىمەس كۈچ-قۇۋۋەت بېغىشلاشقا، بىر-بىرىدە ھاياتلىق پەقەت ئۆز خوتۇنى ياكى ئېرى بىلەنلا ھەقىقىي مەنىگە ئىگەدەك تەسىرات قوزغاشقا تىرىشىش لازىم. بەزى ئەر-خوتۇنلار توي قىلىپ بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ياكى بالا-چاقىلىق بولغاندىن كېيىن بۇ جەھەتكە سەل قارايدۇ. بەزىلىرى ئىككىمىز بەرىبىر بىر ئۆينىڭ ئادىمى، بىر-بىرىمىزنى بۇرۇنلا ياخشى كۆرۈشكەنمىز، بىز ئاللىقاچان ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ بولغان قەدىناسلارمىز، دەپ قاراپ، ئۆزىنى تاشلىۋېتىدۇ. گەپ-سۆز، مۇئامىلە، تازىلىق، كىيىنىش-تارىنىش، تەقى-تۇرقى، بەدەن گۈزەللىكى قاتارلىق مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، نەتىجىدە بۇ قارشى تەرەپنىڭ ھېسسىياتىغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر قىلىدۇ. ئىشەنمىسىڭىز، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ھېسسىياتى ئۈستىدە سىناق قىلىپ بېقىڭ: خوتۇنىڭىز ياكى ئېرىڭىز يۇيۇنۇپ-تارىنىپ، ئىچ كىيىملىرىنى پاكىز، سىرت كىيىملىرىنى ياراشتۇرۇپ كىيگەن، چىراي-ھالەتلىرىنى نورمال تۈزەشتۈرگەن چاغلىرىدا سىزدىكى قارشى تەرەپكە يېقىنلىشىش تۇيغۇسىنىڭ ئۇنىڭ ئادەتتە ئۆزىنى تولىمۇ تاشلىۋەتكەن چاغلىرىدىكىگە قارىغاندا بىرقەدەر كۈچىيىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلامسىز-يوق؟ ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىزكى، كۆرۈنۈشتە كەيپىياتىڭىزنى يوشۇرغىنىڭىز بىلەن، پسىخىك جەھەتتە چوقۇم شۇنداق بولىدۇ. لېكىن بۇ مەسىلىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇنداق تەرەپلەر بار: بەزىلەر ئۆزىنى چىرايلىق كۆرسىتىش ئۈچۈنلا ياسىنىدۇ. نەتىجىدە، يەنە بىر تەرەپنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. يەنە ئاز بىر قىسىم كىشىلەردە شۇنداق ئەھۋالمۇ كۆرۈلۈپ قالىدۇكى، ئۇلار ھە دەپ ئۆزىلا كىيىنىدۇ،

ئۆزىنىلا تۈزەيدۇ، يولدىشى بىلەن كارى بولمايدۇ. بۇنداقلار ئۆزىچە باشقىلارغا كېسلىزادىدەك، ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتتە ئۈستۈنلۈكىنى ئىگىلەيدىغاندەك تەسىر بەرمەكچى بولۇشىدۇ. ۋەھالەنكى، يولدىشى بىلەن بىللە ماڭغاندا ۋە جامائەت سورۇنلىرىغا بارغاندا، يولدىشىنىڭ تولىمۇ ئاددىي تۇرقى بىلەن ئۆزىنىڭ تولىمۇ پۇزۇر تۇرقىدىن ئىبارەت كۈچلۈك سېلىشتۇرمىلىق ھالەت تۇپەيلىدىن، ئۆزى كۈتكەن ئىجتىمائىي باھانىڭ ئەكسىچە، كىشىلەر ئالدىدىكى ئىناۋىتىنىڭ روشەن ھالدا چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەي قالىدۇ. چۈنكى، سىز ھەرقانچە ئېسىل كىيىنىۋالغىنىڭىز بىلەن يېنىڭىزدىكى پەجمۇدە كىيىنگەن كىشى باشقىلارنىڭ ئەمەس، بەلكى سىزنىڭ جۈپتىڭىز-دە! بۇ پەقەت مۇھەببەت ۋە ئەر-خوتۇنلۇق تۇرمۇشقا توغرا قاراشتا بولمىغانلىقنىڭ ئىپادىسى، خالاس. ئەرلەر ئادەتتە كەسىپچانراق كېلىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كەسىپكە ياكى خىزمەتكە بەك بېرىلىپ كېتىش سەۋەبىدىن ئائىلىسىگە، خوتۇنىغا دېگەندەك كۆڭۈل بۆلۈپ كېتەلمەيدۇ. ئەلۋەتتە كەسىپتە ۋە باشقا خىزمەتلەردە نەتىجە قازىنىش ئۈچۈن شەخسىي ھېسسىياتنى قىسمەن قۇربان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما بۇ ئىشلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى بەلگىلىك نىسبەتتە تەڭشەشنى بىلىش لازىم. ماركسنىڭ ئىشلىرى شۇنچە ئالدىراش بولسىمۇ، خانىمى ژېننى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، ئارىدىكى قايناق ھېسسىياتنى ساقلاپ قالغانلىقى ۋە ئۇنى كۈچەيتكەنلىكى ئۈلگە قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. دەرۋەقە، مۇھەببەت ئۇلى پۇختا ئەر-خوتۇنلار ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارنىڭ كارايىتى چاغلىق، ئەمما كونكرېت ئەمەلىيەت ۋە ئۇنىڭ ئىنكاسلىرىغا ئەلۋەتتە دىققەت قىلىش لازىم.

ھېسسىيات نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، جەلپ قىلىش كۈچى يوقسا، ئەر-خوتۇنلۇق تۇرمۇشنىڭ مەززىسىمۇ يوقاپ بارىدۇ. مېنىڭچە، ئەر-خوتۇنلار بىر-بىرىنى ياخشى كۆرىدىكەن، بىر-بىرى بىلەن ئۆمۈر بويى بىللە ئۆتۈشنى خالايدىكەن، خۇددى كەسىپتە نەتىجە يارىتىپ، ئۇنۋان ئېلىشنى، خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ ئۆسۈشنى ياكى تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، باياشات ئائىلە قۇرۇشنى نىشان قىلىپ، كېچە-كۈندۈز ئايانماي تىرىشچانلىق كۆرسەتكىنىدەك، ھېسسىيات جەھەتتىمۇ، بىر-بىرىنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالماسلىق، ئوتتۇرىغا سوغۇقچىلىق چۈشۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ئوخشاشلا ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك. ھەممىدە ئائىلە مەسىلىسىنىڭ يۇقىرىدىكى تۈرلۈك نىشانلارنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى تۈرتكىلىك رولىنى تېخىمۇ تولۇق مۆلچەرلەش لازىم. شۇڭا ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتكە يەنى تۇرمۇش ۋە ئائىلە ئىشلىرىغا بەلگىلىك ئەجىر سىڭدۈرۈش كېرەك. شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، مۇنداق ئەجىر ئوبدان نەتىجە بېرەلەيدۇ.

ئەر-خوتۇنلارنىڭ بىر-بىرىدىن سۆيۈنۈشتىن كېلىپ چىقىدىغان بەخت تۇيغۇسى ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىيات مۇناسىۋىتىنىڭ مۇھىم بىر ئىپادىسى. تەتقىقات ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ھەرقايسى ئەللەردىكى خەلقلەرنىڭ بۇ خىل بەخت تۇيغۇسىدا ئوخشىمىغان پەرقلەر بار ئىكەن. مەسىلەن، ئامېرىكىنىڭ ئەھۋالىدىن ئېيتساق، ئومۇمەن ئاياللارنىڭ بەخت تۇيغۇسى ئەرلەرنىڭكىدىن سەل-پەل كۈچلۈك بولىدىكەن. ئەر-خوتۇنلارنىڭ توي قىلغاندىن كېيىنكى ۋاقتىنىڭ ئۇزۇرىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان تۇيغۇ

-ئۆزگىرىشلىرىدە پەرق چوڭ بولمايدىكەن. ئۇلاردا بىر جۈپ ئەر-ئايال ئۈچۈن ئېيتقاندا، توي قىلىشنىڭ ئۆزى ئەڭ بەختلىك چاغلار ھېسابلىنىدىكەن. ۋاقىتنىڭ ئۇزىرىشىغا ئەگىشىپ، بەخت تۇيغۇسى تېز سۈرئەتتە ئاجىزلايدىكەن. 6-يىلدىن 8-يىلغىچە بولغان ۋاقىت، بەخت تۇيغۇسىنىڭ ئەڭ ئاجىزلاشقان ۋاقتى بولىدىكەن، مۇھەببەتلىشىپ توي قىلغانلار 7-يىلىدا جىددىي ۋەزىيەتكە يۈزلىنىدىكەن، كېيىنچە ۋەزىيەت سەل ياخشىلىنىشقا باشلايدىكەن. مۇشۇ مەزگىلنىڭ خەتىرىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەنلەردە ئاجرىشىش كېلىپ چىقىدىكەن، 9-يىلىدىن 11-يىلىغىچە بولغان مەزگىل بەخت تۇيغۇسىنىڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن مەزگىلى ھېسابلىنىدىكەن، كېيىن يەنە چۈشىدىكەن. 15-يىلىدىن 17-يىلىغىچە بولغان مەزگىل ئىككىنچى قېتىملىق تەۋرىنىش باسقۇچى بولۇپ، مۇھەببەتلىشىپ توي قىلغانلار قايتىدىن جىددىي ۋەزىيەتكە يولۇقىدىكەن. مۇشۇ مەزگىلدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنلا بەخت تۇيغۇسى تەدرىجىي كۈچىيىپ، 21-ۋە 23-يىللىرى ئىككىنچى قېتىملىق يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلىدىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن بەزى تەۋرىنىشلەر بولغان تەقدىردىمۇ، بىراق، ئاساسىي مۇقىملىق ساقلىنىپ قالىدىكەن.

ياپونىيىدە بولسا ئاياللارنىڭ تويدىن كېيىنكى بەخت تۇيغۇسى ئەرلەرنىڭكىدىن خېلىلا يۇقىرى بولىدىكەن. ئەمما ئۈچ يىلدىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا تۆۋەنلەپ، ئەرلەرنىڭكىدىمۇ تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن زادىلا ئەرلەردىن يۇقىرىلاپ كېتەلمەيدىكەن. ئالتە يىلدىن كېيىن ئەر-ئايال ھەر ئىككى تەرەپنىڭ بەخت تۇيغۇسىدا كۆتۈرۈلۈش بولىدىكەن، 12-يىلدىن 14-يىلغىچە بولغان مەزگىلدە يۇقىرى پەللىگە يېتىدىكەن. باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن توي قىلغانلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ مەزگىل ئەڭ خاتىرجەم، ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلغان مەزگىل بولىدىكەن. بۇ مەزگىلدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئىككىلا تەرەپنىڭ بەخت تۇيغۇسى تېز سۈرئەتتە تۆۋەنلەيدىكەن. بۇ خىل ئەھۋال ئايال تەرەپتە روشەن كۆرۈلىدىكەن. 21-يىلدىن 23-يىلغىچە بولغان مەزگىلدە ئومۇميۈزلۈك تۆۋەن باسقۇچقا كىرگەننىڭ ئۈستىگە ئەر-ئايال ئىككى تەرەپنىڭ تۇيغۇسىدىكى پەرق ئەڭ زور دەرىجىگە يېتىدىكەن.

بىز ئۇيغۇرلارنىڭمۇ ئەر-خوتۇنلۇق ھېسسىيات جەھەتتىكى بەخت تۇيغۇسىدا يۇقىرىقىدەك دەۋرلىنىشلەر يوق ئەمەس. بىراق، تەتقىق قىلىپ چىققىنى ياكى سىستېمىلاشتۇرۇلغىنى يوق. شۇڭا ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتتە ھېسسىيات مەسىلىسىگە سەل قاراشقا، بولۇپمۇ خەتەرلىك مەزگىللەردە يېنىكلىك قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. خۇددى پىچاقنى بىلەيگە بىلەپ تۇرۇش كېرەك بولغاندەك، ھېسسىياتنىمۇ ئۈزلۈكسىز تۈردە «بىلەپ»، تاۋلاپ تۇرۇش كېرەك. بىزدە «كۆيگەننىڭ كۆزىگە ئاي كۆرۈنەر» دەيدىغان ماقال بار. بۇنىڭدا ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىدىكى كۆزقاراشنىڭ مۇھىملىقى تولىمۇ ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇنى ئەرلەر ئەمەس، بەلكى ئاياللارمۇ قارشى تەرەپكە تەتبىق قىلىپ كۆرسە بولىدۇ.




ئېرىڭىزنىڭ تالاغا قارىغان ياكى قارىمىغانلىقىنى قانداق بىلەلەيسىز؟

ئېرىڭىزنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشىدا ئۆزگىرىش بولدىمۇ؟

ئېرىڭىز ئۆيدە ياكى ئۇچرىشىشلاردا تۇيۇقسىز جىددىيلىشىپ، بىئارام بولامدۇ؟ بۇ ۋاقىتتا سىز ئۆزىڭىزنى ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپ قالغاندەك ھېس قىلامسىز-قانداق؟ بىر ئايالنىڭ ئېيتىشىچە، تالاغا قارىغاننىڭ دەسلەپكى ئالامىتى ئەر خوتۇنى بىلەن ئىلگىرىكىدەك قىزغىن پاراڭلاشمايدىغان بولۇپ قالىدىكەن. چۈنكى ئۇ سۆزىدىن چاندۇرۇپ قويۇشتىن قورقۇپ، ئېھتىيات بىلەن ئاز سۆزلەشكە تىرىشىدىكەن. لېكىن بەزى ئەرلەر بۇنداق چاغدا بىردىنلا سەگەكلىشىپ، تولا سۆزلەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. قىزىقارلىقى شۇكى، بۇرۇن ئاچچىقى يامان، تەرسا ئەر تۇيۇقسىزلا ئەدەبلىك، مۇلايىم بولۇپ كېتىدۇ.

ئېرىڭىزنىڭ تۇرمۇش ئادىتىدە ئۆزگىرىش بولدىمۇ-يوق؟

ئېرىڭىزنىڭ سىرتقى قىياپىتىدىچۇ؟ جىنسىي تۇرمۇش جەھەتتە ئۆزگىرىش بولدىمۇ-يوق؟ سىز بىرەر پاكىتقا ئىگە بولدىڭىزمۇ-يوق؟ ئېرىڭىزگە گۇمانلىق تېلېفون كېلەمدۇ-يوق؟

ئەرلەرنىڭ تالاغا قارىشىدىكى سەۋەب-لەر ماسلاشقان جىنسىي تۇرمۇشنى قوغلىشىش، بەزى ئەرلەر: «خوتۇنۇم ھەممە جەھەتتە ياخشى، لېكىن جىنسىي تۇرمۇشقا سۇس قارايدۇ، جىنسىي تەلپى يوق، شۇڭا مەن تالاغا قارايمەن» دەپ جار سالىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئادەتتە توي قىلغىنىغا ئۇزۇن يىلدىن ئاشقان ئەرلەردە كۆپرەك كۆرۈلىدۇ.

ئۆچ ئېلىش مەقسىتىدە تالاغا قاراش: بەزى ئەرلەر خوتۇنىنىڭ بۇرۇنقى سۆيگىنى بىلەن گەپ-سۆز قىلىشىپ يۈرىدىغانلىقىنى سەزگىنىدە ناھايىتى خورلۇق ھېس قىلىدۇ. گەرچە خوتۇنى بۇرۇنقى سۆيگىنى بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئالىقاچان ئۈزگەن بولسىمۇ، ئەر بۇنى يەنىلا كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتەلمەي، تالاغا قاراش ئارقىلىق دەردىنى چىقارماقچى بولىدۇ.

ئەر سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىغاندا تالاغا قارايدۇ: بىر ئايالنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بىر مەزگىل خىزمىتى ئالدىراش بولغانلىقتىن، ھېرىپ كېتىپ ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن، ھېچنېمە خۇشياقماي بالدۇرلا يېتىپ دەم ئالىدىغان بولۇۋاپتۇ. نەتىجىدە ئېرى تالاغا قاراپ قاپتۇ. ئۇ ئېرىنىڭ مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىنى قوزغىماقچى بولغانلىقىنى چۈشىنىپتۇ-دە، شۇنىڭدىن كېيىن خىزمەت-

كىمۇ، ئېرىدىكىمۇ ئوخشاش كۆڭۈل بۆلۈۋېتىپ، نەتىجىدە ئېرى بۇ يولدىن يېنىپ ئۇلارنىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتى ئەسلىگە كەپتۇ.

ئائىلە ھوقۇقىنى تالىشىپ تالاغا قاراش: بىر ئايال 35 يېشىدا قايتىدىن خىزمەتكە قاتنىشىپتۇ. بۇرۇن ئائىلە ئەمگىكىنى ئۇ ئۆزى يالغۇز ئىشلەيدىكەن. ئېرى بولسا ئائىلە ئىقتىسادىنى باشقۇرىدىكەن. بۇ ئايال خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىن، ئېرىگە ئوخشاش پۇل تاپىدىغان بوپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئانچە-مۇنچە سىرتتا چىقىپ تاماق يەيدىغان، ئالدىراش چاغلىرىدا ئېرىنى ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملىشىشكە چاقىرىدىغان بولۇۋاپتۇ. بۇنداق ئۆزگىرىشكە ئېرى زادىلا چىدىماپتۇدە، ئاچچىقىدا ئۆزىنىڭ ئايال كاتىپىغا قاراپ كېتىپتۇ.

نىكاھدىن ئاجرىشىشمۇ تالاغا قاراشقا سەۋەبچى بولىدۇ: ئەرلەر نىكاھدىن ئاجراشقان دەسلەپكى ئىككى يىل ئىچىدە ئاياللاردىن نەپرەتلىنىدىغان، ئۇلارغا سەممىي مۇئامىلە قىلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا بۇ مەزگىلدە ئۇلارنىڭ يېڭىدىن توي قىلغان ياكى يېڭىدىن تونۇشقان لايىقىغا سادىق بولۇپ كېتىشى ناتايىن. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار ئاندىن توغرا قىلمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆزىنى ئوڭشىۋالىدۇ.

تالاغا قارىغان ئەرنى قانداق قىلغاندا بۇ يولدىن ياندۇرغىلى بولىدۇ: ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ ئالدانغانلىقىنىڭ دەسلەپكى ئالامەتلىرىنى سەزگەندە ناھايىتى چۆچۈپ كېتىدۇ. ئېرىنىڭ يۈز ئۆرۈشى ئۇلارنى بىچارە ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. تالاغا قارىغان ئەرلەرنىڭ ھەممىسىنى قۇتقۇزۇۋالغىلى بولمايدىمۇ ئەمەس. ئەگەر سىز ئېرىڭىزدىن ئاجرىشىپ كېتىشنى خالىمىسىڭىز، ئۇنداقتا مۇناسىۋەت جەھەتتە تاكتىكىغا دىققەت قىلىپ، ئېرىڭىزنى ئۆزىڭىزگە جەلپ قىلىشقا تىرىشىڭ. ئەگەر ئېرىڭىز ئۆزىنىڭ قىلمىشىنى زادىلا بويىنىغا ئالغىلى ئۇنىمىسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭدىن قانچە تېز ئايرىلىپ كەتسىڭىز سىز ئۈچۈن شۇنچە ياخشى. بەزى ئەرلەر ئۆزىنىڭ تالاغا قارىغانلىقىنى خوتۇنى بىلىپ قالغاندىن كېيىن پۇشايمان قىلىپ، خوتۇنىدىن كەچۈرۈم سورايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت قايتىدىن ياخشىلىنىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

تالاغا قاراشنى توسۇپ نىكاھ مۇناسىۋىتىنى نورماللاشتۇرۇشتىكى مۇھىم نۇقتا، ئەرنىڭ جىنسىي ئېھتىياجىنى چۈشىنىشتىن ئىبارەت: كۆپلىگەن ئەر-خوتۇنلار ئۆي تۇتۇپ خېلى ئۇزۇن مەزگىلگىچە بىر-بىرىنىڭ جىنسىي تەلىپىنىڭ ئوخشاشمايدىغانلىقىغا دىققەت قىلمايدۇ. ئەر-خوتۇنلار مۇشۇ مەسىلىگە قارىتا ئىككى تەرەپنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا ئوبدان تەھلىل يۈرگۈزۈپ، بىر-بىرىنى چۈشىنىپ ئوتتۇرىدىكى ئىختىلاپنى تۈگەتسە ئاندىن جىنسىي تۇرمۇشتا ئۆزئارا ماسلىشىش مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ. تالاغا قاراش باشقىلارغا قارىغۇلارچە ئىشىنىشنىڭ نەتىجىسى. ئەمما ئۇ نىكاھ مۇناسىۋىتىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى ئەمەس.

سەككىز تۈرلۈك تەكلىپ:

1. ئېرىڭىزنىڭ قولىغا ئايلىنىپ قالماڭ. ئەگەر سىز ئېرىڭىزنى دەپ ئائىلىنىڭ بارلىق ئىشىنى ئۆز ئۈستىڭىزگە ئېلىۋالسىڭىز، ئاخىرىدا ئېرىڭىز تېخىمۇ ھاكاۋۇرلىشىپ كېتىدۇ.

2. ئېرىڭىزنىڭ يامان يولدىن

# خوتۇن بولۇشنىڭ سەنئىتى

1. ئەرنىڭ «سۆيگىنى» بولۇش كېرەك. خوتۇن بولغۇچى مۇھەببەتلىشىۋاتقان چاغدىكىدەك ئۆزىنى ياساپ، ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئەرنىڭ مۇھەببىتىنى ئاشۇرۇپ تۇرسا، ئەر خوتۇنىنى مەڭگۇ سۆيگىنى قاتارىدا كۆرىدۇ. ھەرگىزمۇ ئاشپەز ياكى بالا باققۇچى قاتارىدا كۆرمەيدۇ.

2. ئەرنىڭ «دوستى» بولۇش كېرەك. خوتۇن ئەرنىڭ ئەڭ ياخشى دوستى بولۇشى، ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلىپ، دەردىگە دەرمان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزئارا چىن كۆڭلىدىن سۆزلىشەلەيدىغان بولۇشى كېرەك.

3. ئەرنىڭ «كەسپدىشى» بولۇش كېرەك. خوتۇن ئەرنىڭ كەسپدىشى بولۇشى، بىر-بىرىگە ئىلھام بېرىشى، جاپانىمۇ، ھالاۋەتنىمۇ تەڭ كۆرۈشى، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇشى كېرەك.

4. ئەرنىڭ «ھەمراسى» بولۇش كېرەك. خوتۇن ئەرنىڭ ھەمراسى بولۇشى كېرەك. ئادەتتە كىشىلەر باشقىلارغا خۇشاللىق بېغىشلىيالايدىغان ئادەملەرگە ئامراق ھەم ئۇلارغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. خوتۇن بولغان كىشى ئېرىنى قانداق قىلىپ خۇشال قىلىشنى، قانداق قىلىپ ئىچ پۇشقىنى ئۇنتۇلدۇرۇشنى بىلىشى كېرەك.

5. ئەرنىڭ «ئانىسى» بولۇش كېرەك. ئانا مېھرىبان كېلىدۇ. پەرزەنتلىرىگە كۆيۈنىدۇ، ئەر بولغۇچىمۇ ئوخشاشلا خوتۇنىنىڭ ئانىدەك مېھرىبانلىقىغا ۋە مېھرى-شەپقىتىگە موھتاج.

ھەبىبۇللا جاپپار تەرجىمىسى

قايتىشىغا پايدىلىق بولغان ئەمەلىي ئىشلارنى كۆپرەك قىلىڭ.

3. ئېرىڭىزنىڭ تالاغا قارىغانلىقى توغرىسىدا دوست-بۇرادەرلىرىڭىزگە سۆزلەپ يۈرمەڭ. بولمىسا ئېرىڭىز سىز بىلەن قېرىشىپ قالىدۇ-دە، تېخىمۇ ئۆز سەنىمگە دەسسەيدىغان بولۇۋالىدۇ.

4. ئۇرۇشۇپ قالغاندا، ئېرىڭىزگە دارىتىملاپ ئۆتكەن ئىشنى قايتا يۈزىگە سالماڭ. بۇ ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى يىراقلاشتۇرۇپ قويىدۇ.

5. ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتتە رومانتىك ھېسسىياتنى ساقلاش كېرەك. چۈنكى نۇرغۇن ئەرلەر دەل مۇشۇنداق رومانتىك ھېسسىياتنى قوغلىشىش جەريانىدا مۇھەببەت تورىغا چۈشۈپ كېتىدۇ.

6. تۇنجى بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئەر-خوتۇن مۇناسىۋىتىگە ناھايىتى دىققەت قىلىش كېرەك. ئەگەر سىز بالىڭىز بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ئېرىڭىز بىلەن كارىڭىز بولمىسا، نەتىجىدە ئېرىڭىزنىڭ تالاغا قارىشىغا يوچۇق ئېچىپ بېرىسىز.

7. ئېرىڭىز خىزمەتتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسا، ئۇنىڭغا ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلىڭ ۋە يار-يۆلەكتە بولۇڭ.

8. ئەگەر تۇرمۇشۇڭلاردا جىنسىي تۇرمۇشنىڭ زادىلا رولى قالمىغان بولسا، بۇ ئىش سىزنىڭ ئالاھىدە دىققەت ئېتىبارىڭىزنى قوزغىشى كېرەك.

مەمەتكېرىم دۈيشەن تەرجىمىسى

# ئاياللار خىزمىتىدىن ئۇچۇرلار

«شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلىنىڭ قوشۇمچىسى

1990 - يىل ئىيۇل (1)

مىللەت ئاياللىرىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان بارلىق ئامىللارنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا، پاش قىلىشقا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان بارلىق سۆز - ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇشقا، ئۆز پەرزەنتلىرى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئارىسىدا «ئىككىدىن ئايرىلالماسلىق» ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، ئۇلارنى ئىتتىپاق بولۇش، ئومۇمىي ۋەزىيەتكە ئېتىبار بېرىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان ئاۋانگارتلاردىن بولۇشقا يېتەكلەش ۋە ئىلھاملاندۇرۇشقا چاقىرىدۇ. ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار ئورۇن، ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخس، ئىلغار قورۇ ۋە ئىلغار مەھەللە - كەنتلەرنى تەقدىرلەش ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇشى كېرەك.

جاڭ ۋېنشېڭ

## بىر تۈركۈم ئايال كادىرلار ئاقسۇ شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلاندى

ئاقسۇ شەھەرلىك سايلام ھەيئىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، شەھەر، يېزا ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىنىڭ 2 - ئايدىن بۇيان ئېلىپ بېرىلغان بىۋاسىتە سايلىمىدا بوۋىنىيازخان، گۈلەم مۇسا قاتارلىق پارتىيە تەربىيىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن بىر تۈركۈم ئايال كادىرلار ئاقسۇ شەھەرلىك 3 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلاندى.

تۇرسۇن ئىمىن

## ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى كۈچەيتەيلى

8 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى يېتىپ كېلىش ھارپىسىدا، ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرىگە «8 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى پىكىر»نى تارقىتىپ، بۇ يىللىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ۋە يېتەكچى ئىدىيىسىنى كۆرسىتىپ بەردى.

بۇ «پىكىر» پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاياللىرىدىن «مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ» دېگەن نۇقتىنى چۆرىدىگەن ھالدا، ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنى ۋە پارتىيىمىزنىڭ ھەرخىل مىللىي سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيىنى قىزغىن سۆيۈش، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيۈش ۋە خەلق ئارمىيىسىنى قىزغىن سۆيۈشتىن ئىبارەت «ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» پائالىيىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، ھەر

بېسلغان
... قەدەم

باهىيىلىك
بىرلەشمە
1-يىلىنىڭ
باهارىدا
بويىچە
50
ئاشقان،
ەرەپ بىر
م نىكاھ
غان، بىر
ھەقىقىي
، ئۆزئارا
قان، بىر
ھۆرمەت
سرگە ئالغا
، ئەر-خو
وقۇقتا
بولۇشىنى
ئىشقا
ن، شۇنداق
ەنتلىرىنى
ق ئادەم
تەربىيە
مئىيەتكە
قوشقان
پ پىشقە
-خوتۇننى
تۇي»
بىلەن
اتىلىدى
پ تاختى
اردى.
-م ئۆمەر

## بايتوقاي يېزىلىق ئاياللار بىرلەشمىسى ئاياللارنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇردى

غۇلجا ناھىيىسىنىڭ بايتوقاي يېزىلىق ئاياللار بىرلەشمىسى ئاياللارغا بولغان رەھبەرلىك خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئاياللارنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇردى. ئۇلار يىلىنىڭ بېشىدىلا يېزىغا قاراشلىق ئون مەھەللە ۋە ئىدارە، جەمئىيەتلەردىكى ئاياللار بىرلەشمىلىرىنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتلىرىنى رەتلەپ تەرتىپكە سېلىپ، خىزمەت ئىقتىدارى بولغان ياش، قابىلىيەتلىك ئاياللارنى رەھبەرلىك ئورنىغا قويدى. ئاندىن ھەر بىر مەھەللىلەردە، ئائىلە تەربىيىچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، ئاياللارغا ئىلمىي ئۇسۇلدا بالا تەربىيىلەشنى ئۆگەتتى. ئاياللار ئىچىدە مەدەنىيەتلىك ئائىلە، مەدەنىيەتلىك مەھەللە، مەدەنىيەتلىك يېزا قۇرۇش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، شەخس، ئائىلە، مۇھىت تازىلىقى پائالىيىتىنى چىڭ تۇتتى. شۇنىڭ بىلەن يېزا بويىچە 1750 «بەشتە ياخشى ئائىلە»، 1900 «تازىلىقتا ياخشى ئائىلە»، 40 «بەشتە ياخشى كوچا»، 1820 «قانۇن تۈزۈمگە ئاڭلىق رىئايە قىلىدىغان ئائىلە»، 589 «لاياقەتلىك ئاتا-ئانا»، 1500 «ئىناق ئەر-خوتۇن»، 830 «ياخشى كېلىن، ياخشى قېيىن ئانا» لار بارلىققا كەلدى. ئۇلار يەنە يېزا بويىچە 42 قېتىم قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىنىش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، ئاياللارنى قانۇن بىلىملىرىدىن خەۋەردار قىلدى.

مىرزەخمەت مەھەممەت

## تېكەس ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت ئاياللىرى ئۆز يېزىسىنى گۈللەندۈرۈشكە تۆھپە قوشماقتا

تېكەس ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت ئاياللىرى ئەنئەنىۋى كۆزقاراش ۋە كونا ئادەت كۈچلىرىنىڭ كىشەنلىرىدىن ئازاد بولۇپ، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ يېرىم دۇنيالىق رولىنى جارى قىلدۇرماقتا. ئۆتكەن يىلدىن بۇ يىل 3-ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر بۇ ناھىيىدە ئاياللارنى ئاساس قىلغان تېرىقچىلىق كەسپى ئائىلىسى، كۆكتاتچىلىق كەسپىي ئائىلىسى 2861 گە، باقمىچىلىق ئائىلىسى 916 گە يەتتى.

ئىسلاھاتنىڭ ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇر قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، بازاردىكى ئائىلە ئاياللىرى كوللېكتىپ ۋە يەككە تىجارەت قوشۇنىغا قېتىلىپ، ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش بازارنى ئاۋاتلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك ھەسسىسىنى قوشتى. بۇ ناھىيىدىكى ئاياللار ھەر خىل كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشتا ئۆز يېرىنىڭ گۈزەل شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، قابىلىيىتىگە يارىشا ئىش كۆردى. ئىلگىرىكىدەك ئەرلىرى تېپىپ بەرسە يەپ-كىيىپ ئولتۇرىدىغان ھالەتنى ئۆزگەرتتى. بەزى يېزىلاردىكى ئاياللار ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ يېرىم دۇنيالىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز يېزىسىنى گۈللەندۈرۈشتە تېگىشلىك تۆھپە قوشتى.

ئىمىن ھاشىم



# خەتتىن كۆتۈرۈلگەن غەۋغالار

(ھېكايە)

سېيتمۇئالدى كېرىم

رەيھانەمنىڭ قولى تىترىدى، قوللا ئەمەس، يۈرىكىمۇ تىترىدى. ئۇنىڭ كۆزىنى ياش تۇسۇۋېلىپ، ئاخىرقى قۇرلارنى ئوقۇيالمىدى. ئۇنىڭسىزمۇ ئۇ ئوقۇپ ئۆتكەن ئىبارىلەر قەلبىنى ئازابلاشتا يېتىپ ئاشاتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتكەنكى كۆرۈنۈشلەر ئۆتمەكتە.

ئەنە، ئەينى چاغدىكى ئىلىيار، قىشنىڭ قارلىق كېچىسى، تۇنجى قېتىم مۇھەببەت ئىزھار قىلىۋاتىدۇ... ئەنە، ئۇلار دەريا ساھىلىدا تۇنجى رەت سەيلى قىلىۋاتىدۇ. ئەنە، بىر-بىرىگە تەلمۈرگەن كۆزلەر، ئاھ، ئۇ چاغلار، ئەجەب گۈزەل ئىدى-ھە! ئەمدى بۈگۈنچۇ؟

بۈگۈن ئۇ ئىلىياردىن خەت تاپشۇرۇپ ئالدى. خەتنى خۇددى ئىلىيارنىڭ يۈرىكىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندەك مەيدىسىگە مەھكەم باستى. تونۇش پوچۇركىلارنى خۇددى ئىلىيارنى سۆيگەندەك سۆيۈپ كەتتى. ئاندىن خىلۋەت جايغا قاراپ يۈگۈردى. ئۇ مۇشۇ جايدا، مۇشۇ قەدىناس ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئىلىيار بىلەن خىيالىي مۇڭدىشاتتى، شېرىن ئارزۇلارغا چۆمۈلەتتى. ئەجەبا بۈگۈن ئۇنىڭ چۆمۈلۈۋاتقىنى دېڭىزنىڭ ئاچچىق شاكىرابىمۇ؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى ھەر ياقا ئۇرۇدۇ؟ چۈنكى مۇنۇ خەت ئۇنى ئازابلاۋاتاتتى. رەيھانەم يېشىنى سۈرتۈپ كونۋېرتقا قارىدى، يەنىلا شۇ تونۇش پوچۇركا. «ئاھ، ئىلىيار، سېنى قانداق تەتۈر شامال سوقۇپ كەتتى. سەن دائىم تىلغا ئالىدىغان ئوغۇللۇق ۋىجدانىڭ قېنى؟ ھەي ئوغۇللار! سىلەر قەھرىتان سوغۇقتىن قورقمايسىلەر-يۇ، قىشنىڭ ئاجىز ئاپتىپىدىمۇ ئېرىپ كېتىسىلەر، ئىلىيار! يۈرىكىڭنى ئېرىتىۋالغان قىز مېنىڭدىنمۇ چىرايلىقمۇ؟» رەيھانەم پىچىرلايتتى. خىيالىدىكى ئىلىيارنى سوراق قىلاتتى. ئۇ خەتنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇدى.

«رەيھان، خېتىڭىزنى تاپشۇرۇپ ئالدىم، سالامەتكەنسىز، تەسەۋۋۇرىڭىزدىكىدەك مەنمۇ سالامەت. تۇرمۇش ئىشىمغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگىنىڭىز ئۈچۈن كۆپ رەھمەت. شۇنىڭغا

ھەيرانمەن، خېتىڭىز بىلەن بىرگە رەسىمىڭىزنى ئەۋەتىپسىز، رەسىمنىڭ ئارقىسىدىكى (بىرگە ئۆتكەن كۈنلەرنى ئۇنۇتماڭ) دېگەن خەتلەرنى ئوقۇپ كۈلگۈم كەلدى. ئېيتىڭا، ئىككىمىزنىڭ ھاياتىدا مەن ئۇنتۇمىغۇدەك قانداق كۈنلەر ئۆتكەن؟ بوپتۇ، بۇنىڭغا جاۋاب بېرىمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ، ئەمما سىزگە كىچىككىنە ئىزاھات بېرىپ قويۇشنى لايىق تاپتىم. مەن سىزگە ئىسىمداش بىر قىز بىلەن خېلىدىن بېرى ... بولدى، بۇنىڭدىن ئارتۇق ئىزاھات بېرەلمەيمەن.

خەير، بەختلىك بولۇڭ. ئىلىيار»

رەيھانەم بۇ قېتىم تېخىمۇ ئازابلاندى. ئۇنىڭ نەملەنگەن كۆزلىرى يىراققا تىكىلدى.

* *

بۈگۈن ئىلىيار بىر پارچە خەت تاپشۇرۇپ ئالدى. ئۇ دەسلەپ كونۋېرتقا تونۇش پوچۇركىنى ئىزدەپ قارىدىيۇ، كېيىن ئىرەنسىزلا كونۋېرتنى قاتلاپ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى. بۇ خەت ئىلىيارنىڭ يېقىن تۇغقىنى، ئەمما ئىلىيار بەك ئۆچ كۆرىدىغان قىزدىن كەلگەنىدى. ئىلىيار دەسلەپ خەتنى ئوقۇمايلا تاشلىۋەتمەكچىمۇ بولدى، يەنە تۇرۇپلا توختاپ ئوقۇپ كۆرەيچۇ، ئۆتكەنكى خېتىم بەلكىم ئۇنىڭ يۈرىكىگە تەگدى، ئۇ مېنىڭدىن ئاغرىنغاندۇ، قانچىلىك ئاغرىنغانلىقىنى ئوقۇپ باقاي، دەپ ئويلىدى - دە، خەتنى ئېلىپ ئوقۇدى، ئوقۇدىيۇ ھەيران قالدى. نەچچە-نەچچە قۇرلاپ ئەھۋال سوراشلار، خەتتە مۇئەللىپىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى بىر بەت يېزىلغانىدى، ئىلىيارنىڭ دىققىتىنى تۆۋەندىكى قۇرلار تارتتى. «ئىلىيار، سىزدىن خەت كۈتۈپ كۆزۈم تۆت بولدى. ھەر ھالدا مېنى ئادەم چاغلاپ خەت يېزىپسىز، رەھمەت، قەدىرلىك ئىلىيار، سىز بولسىڭىز ئىچكىرىدە، بىز بولساق بۇ يەردىكى ئاددىي بىر تېخنىكومدا، دەرىجىسى تۆۋەن دەپ ياراتماي، بىزنىڭ ئىشىمىز توغرىسىدا خەت يازمايۋاتامسىز - يە؟ ئەمما مەن سىزنى يارىتىمەن. سىز بىلمەيسىز، بىزنىڭ ياتاقتىكى قىزلارنىڭ ھەممىسىنىڭ يۈرىكىنى بار، كۆپلىرىنىڭ بىزنىڭ مەكتەپتە. ئۇلار كەچتە سەيلىگە، كىنوغا بارىدۇ، مەن ياتاقتا يالغۇز قالىمەن، شۇنداق چاغلاردا سىزنى بەكمۇ ئەسلەيمەن. ئىلىيار، ئېسىڭىزدىمۇ، كىچىكىمىزدە بىللە ئوينايتتۇق، چامىمدىن ئۆي ياساپ، قورچاق باللىرىمىزنىڭ توينى قىلاتتۇق، مەن، دادام، ئاپاملار بىلەن پات - پات سىلەرنىڭكىگە باراتتىم، ئۇلار ئىككىمىزنى «قاچان چوڭ بولىسىلەر» دەپ خىجىل قىلاتتى. بۈگۈن مانا چوڭ بولدۇق، مەن تېخىچە ھېچكىمنى (سىزدىن بۆلەك) خىيال قىلمىدىم. مەن تېخنىكومغا مېڭىش ئالدىدا ئاپام «ئىلىيارمۇ ئوقۇۋاتىدۇ، سەنمۇ ياخشى ئوقۇ، باشقا ئوغۇللار بىلەن ئارىلاشما» دېگەنىدى، بۇ سۆزلەرنى ئۇنتۇپ قالمىدىم، ئاڭلىسام ئاتا - ئانىمىز خېلى بۇرۇنلا كېلىشىپ بولغانىكەن. ئىلىيار، سىزمۇ مېنى سېغىنامسىز، سېغىنسىڭىز مۇنۇ خېتىم بىلەن بىرگە ئەۋەتكەن رەسىمگە قاراڭ، ئارقىسىدىكى خەتلەرنى ئوقۇڭ، كېلەركى خېتىڭىزدە ئىككىمىزنىڭ ئىشى توغرۇلۇق توختىلىپ ئۆتەرسىز.

خەير، سىزگە سالامەتلىك تىلەپ:

تۆت كۆز بىلەن خەت كۈتكۈچى رەيھان»

ئىلىيار خەتنى ئوقۇپ بولۇپ خىيالغا كەتتى.

* *

ئابدۇرۇسۇل بۈگۈن ئوغلىدىن خەت تاپشۇرۇپ ئالدى. ئۇ شۇنداق خۇش بولغان ئىدىكى، پوچتالىيونىدىن خەتنى ئېلىپلا ئۆيگە قاراپ يۈگۈردى. ئۆيدە ئۇرۇق - تۇغقانلارمۇ

بار ئىدى. ئۇ كىرىپلا «ئىلىياردىن خەت كەپتۇ» دەپ خەتنى پۇلاڭلاتتى.

ئۆيدىكىلەر ئۇنىڭغا قارىدى، باللار قولىغا يېپىشتى.

—بۇنى ئايشەم ھاممامغلار رەيھاننىڭ خېتىنى ئوقۇغاندەك ئوقۇپ بەرسۇن، — دېدى ئابدۇرۇسول خەتنى ئايشەمگە بېرىپ، ئايشەم كونۋېرتنى ئالدىراش يىرتىپ خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى.

«سۆيۈملۈك رەيھانەم، سالامەتمۇسەن؟»

—ھە،

—بۇ نېمە گەپ.

ھەممەيلەن ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپلا قېلىشتى، ئايشەمنىڭ چىرايى دەسلەپ ئۆڭدى، بىرئازدىن كېيىن قىزاردى.

ھە، ھېچ گەپ ئەمەسكەن، بىزنىڭ رەيھانغا يازغان ئوخشايدۇ، ئۇ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ ئوقۇشقا باشلىدى.

«سۆيۈملۈك رەيھانەم، سالامەتمۇ سەن، ھاياتىڭ مەنىلىك ئۆتۈۋاتامدۇ؟ سەنسىز ئەدىكەن مەنىلىك ھايات دەرسەن ھە قاچان، مەن سېغىنىش ئىچىدە ئۆتۈۋاتىمىز مەنىلىك دەپ ئويلايمەن. سۆيۈملۈكۈم، مۇنداق بىر ئىشنى ساڭا دەپ قويغۇم كەلدى، بۇنى ئۇقۇپ ھەرگىز باشقا خىياللاردا بولمىغىن. تۈنۈگۈن سەن بىلەن ئىسمىداش رەيھانىدىن خەت كەپتۇ، ئۇ، تاغامنىڭ قىزى بولىدۇ».

ئايشەمنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، ئۇ ئەمدى بۇ خەتنىڭ كىمگە يېزىلغانلىقىنى بىلىپ يەتكەنىدى. ئۇنىڭ خەتنى يىرتىۋەتكۈسى كەلدى، لېكىن يەنە قانداق «بىمەنە» گەپلەر چىقاركىن دېگەن ئويدا ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى.

«ئۇنىڭ يازغانلىرىنى يازمايلا قوياي، قىسقىسى، ئۇ ماڭا قەلبىدىن ئورۇن ئەپقويغانىمىش. ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ ئارزۇسى ئۈچۈن بىر بولغۇدەكمىز. زورلاپ تېڭىش ئۈستىگە قۇرۇلغان ئائىلىۋى ھاياتتا بەختلىك بولغىلىمۇ بولامدۇ؟ ئاتا ـ ئانىلىرىمىز بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى چۈشەنمە ئىدى، بىزنى ھەرگىزمۇ ئۆز ئارزۇسى بويىچە ئىش قىلىشقا قىستىماس ئىدى. رەيھانەم، ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى ئاتا ـ ئانامغا قانداق ئۇقتۇرسام بولار. سۆيۈملۈكۈم...» ئوقۇپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئايشەم چىداپ تۇرالمىدى. ئۇ خەتنى مۇجىغان پېتى ئىچكىرىكى ئۆيدىن چىقتىدە، كونۋېرت بىلەنلا ئىلىيارنىڭ ئانىسىغا ئاتتى ۋە باللىرىنى سۆرىگىنىچە كەينىگىمۇ قارىماي ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئۆيدىكىلەر ھەيران بولدى، ئابدۇرۇسول ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى. ئىلىيارنىڭ ئانىسى خەتنى ئىچىدە ئوقۇشقا باشلىدى.

* *

ئىلىيار بۈگۈن ئىككى پارچە خەت تاپشۇرۇپ ئالدى. بىرى رەيھانەمدىن، يەنە بىرى ئانىسىدىن كەلگەنىدى. ئۇ ئاۋۋال رەيھانەمنىڭ خېتىنى ئوقۇدى.

«جېنىم ئىلىيار، مېنى كەچۈر، ئۆگىنىپ قالغان تىلىم، سېنى يەنە شۇنداق ئاتاشقا مەجبۇر قىلدى. ئىلىيار، مېنىڭ ھازىرقى ھالىمنى تەسەۋۋۇر قىلالامسەن، كۆز ئالدىڭغا باغرى قان، يۈرىكى ئەلەمدە مۇجۇلغان بىچارە قىز كەلسۇن، ئۇ مەن، بەلكىم بۇ خەتنى ئوقۇپ كۈلۈۋاتقانسەن، مەن تەن بەردىم، سەن ھەقىقەتەن يۈرەكنى پارە ـ پارە قىلغۇدەك قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنسەن، سېنىڭ خېتىڭ مېنى مۇشۇ ھالغا چۈشەردى، خېتىڭنى بىر ئەمەس، بىرنەچچە قېتىم يىغ-

لاپ تۇرۇپ ئوقۇدۇم. كېيىنچە يېغلاشنىڭمۇ ئورنى قالمىغانلىقىنى بىلدىم، چۈنكى، «سەن بىلەن ئىسمىداش بىرسى بىلەن خېلىدىن بېرى يۈرۈۋاتىمەن» دەپ يېزىپسەن، مەن ئۆزۈمگە ئېچىندىم. كىشى تۇنجى مۇھەببەتنىڭ ئەلەمگە يولۇققاندا، شۇنداق رىيازەت چېكىدىغان ئوخشايدۇ. ئىلىيار، مەن ئويلاندىم، نەچچە كېچە كۆز يۇممايلا ئويلاندىم، بۇ دۇنيادا سەن بولساڭمۇ بەختلىك بولغىن. ئاخىرىدا شۇنى قوشۇپ قوياي، مەيلى سەن كىمنى ياخشى كۆرمە، مەن چوقۇم سەن بەختلىك بولغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئۆز تۇرمۇشۇمنى ئويلىشىمەن» ئىلىيار ھەيران قالدى، بۇ قانداق گەپ؟ ئۇنىڭ ئېسىگە ئانىسىنىڭ يازغان خېتى كەلدى. ئىلىيار كونۋېرتنى يىرتىپ ئوقۇشقا باشلىدى. بىرنەچچە قۇر ئانىسىنىڭ يۈرەكنى داۋالغۇتقۇدەك سالامى بىلەن تولغانىدى. ئۇ كېيىنكى قۇرلارنى ئوقۇپ تاڭ قالدى.

— بالام، رەيھانەم دېگەن كىم، — دەپ سورىغانىدى ئانا، — رەيھانەم ئىسىملىك قىزغا يازغان خېتىڭ بىزگە تەگدى، خېتىڭنى ئوقۇپ ئەدەبسىزلىك قىلدۇق. ئەمما ئوقۇمايمۇ بولمايدىكەندۇق. خەتنى دەسلەپ ئاغاڭنىڭ ئايالى ئوقۇدى، ئوقۇپ بولۇپ ئاچچىق بىلەن ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى تەتىلدە بىلىپ قالسەن، ئاڭلىسام «ئۇنىڭغا بېرىدىغان قىزىم يوق» دەپ يۈرۈپتىمىش، مېنىڭمۇ ئۇنىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىدىغان ئوغلۇم يوق. سۆزلىرىڭ مېنىمۇ، داداڭنىمۇ قايىل قىلدى، بىز ساڭا يول قويىمىز، ئەمما شۇنىسى ئېسىڭدە بولسۇن، سەن ئالىي مەكتەپكە ئوقۇش ئۈچۈن باردىڭ. خەيرى ئوغلۇم، خەيرى خۇدا ساڭا مەدەتكار بولسۇن، رەيھانەمگە بىزدىن سالام ئېيت.

*　　　　*

ئىلىيارنىڭ دىلى پاللىدە يورۇپ كەتتى. ئۇ ھەممىنى چۈشەندى. ئەسلىدە ئىلىيار دىققەتسىزلىكتىن يازغان خەتلىرىنى ئادرېسى يېزىلىپ بولغان كونۋېرتلارغا ئالماشتۇرۇپ سېلىپ قويغانىدى.

ئىلىيار قولىغا قەلەم ئالدى. ئۇ رەيھانەمگە خەت يازماقچى. نېمە دەپ باشلىسۇن؟ ئەلۋەتتە «سۆيۈملۈكۈم» دەپ باشلايدۇ.

(بېشى 30 - بەتتە)

كىچىك بالا خۇشال ھالدا گۈلنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ بىرنەچچە باغلام گۈل تاللاپ سېتىۋېلىپ، ئۇنى دۇكاندارغا ئاپىسىغا ئاپىرىپ بېرىشكە تاپشۇرۇپ قويۇپ ماشىنىسىنى ھەيدەپ يولغا چىقتى.

ئۇ ئازراقلا مېڭىپ بىر تاغنىڭ باغرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بايىقى بالىنىڭ ھېلىقى بىر باغلام ئەتىر گۈلنى بىر قەبرىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، قەبرە ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ بالىمۇ ئۇنى كۆردى ھەمدە قولىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ:

—ئەپەندىم، مەن سوۋغا قىلغان گۈلنى ئاپام بەك ياقتۇردى، رەھمەت سىزگە، —دەپ توۋلىدى.

ئۇ ماشىنىسىنى قايتۇرۇپ گۈل دۇكىنىغا بېرىپ، خوجايىننى تېپىپ ئۇنىڭدىن:

—ھېلىقى نەچچە باغلام گۈلنى ئەۋەتتىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

—ياق، تېخى، —دېدى خوجايىن بېشىنى چايقاپ.

—سىزنى ئاۋارە قىلماي ئۆزۈملا ئاپىرىپ بېرەي، —دېدى ئۇ.

فۇجى تۆمۈر تەرجىمىسى

# گۈل



چىڭ رەنگۇ (ئامېرىكا)

ئۇ خىزمەتنى باش چوكۇرۇپ ئىشلەپ، قىش پەسلىنى ئالدىراشلىق بىلەن ئۆتكۈز-گەندىن كېيىن، ئاخىرى ئىككى ھەپتىلىك دەم ئېلىش ۋاقتىغا ئېرىشتى. ئۇ ئاللىبۇرۇنلا مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تازا مەنزىرى-لىك بىر جايغا بېرىپ، مۇزىكىلىق رېستورانلارغا كىرىپ، دوستلىرى بىلەن ياخشى مەيلەردىن ئىچىپ، پۇخادىن چىققۇدەك دەم ئېلىپ كېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى.

ئۇ يولغا چىقىشنىڭ ئالدىنقى كۈنى ئىشتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، خۇشال-خورام ھالدا يۇك-تاق ۋە كىيىم-كې-چەكلىرىنى رەتلەپ، چامادانىنى پىكاپىنىڭ كەينىگە بېسىپ تەقلەپ قويدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى ئاپىسىغا تېلېفون بېرىپ، ئۆزىنىڭ دەم ئېلىشقا بارماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

—يولۇڭ ئەپ كەلسە مېنىڭكىگە كىرىپ ئۆتەڭ قانداق. كۆرۈشمىگىنىمىزگە ئۇزاق بوپتۇ. سېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئازراق مۇڭدىشىۋالغۇم كېلىۋاتىدۇ،—دېدى ئاپىسى.

—ئاپا! مەنمۇ سېنى يوقلاپ بېرىشنى ئويلىغان ئىدىم، ئەمما يولغا ئالدىراپ قالدىم، چۈنكى خەق بىلەن ئۇچرىشىدىغان ۋاقىتنى كېلىشىپ قويغان ئىدىم،—دېدى ئۇ.

ئۇ ماشىنىسىنى ئەمدىلا تېز سۈرئەت-لىك يولغا سالاي دەپ تۇرۇشىغا، تۇساتتىن بۈگۈن ئاپىسىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىكەنلى-كى يادىغا كەلدى-دە، ئازراق گۈل سېتىۋې-لىپ، ئاپىسىغا ئەۋەتىپ بەرمەكچى بولۇپ ماشىنىسىنى ئايلاندۇرۇپ، بىر گۈل دۇكىنى-نىڭ ئالدىدا توختاتتى. ئۇ ئاپىسىنىڭ گۈل-نى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

دۇكاندا بىر كىچىك ئوغۇل بالا بىر تۇتام گۈلنى تاللاپ قويۇپ، پۇل تاپشۇرماق-چى بولۇپ تۇراتتى، بىراق پۇلى كەملەپ قالغاچقا، بالىنىڭ چىرايىنى غەم باسقانىدى. ئۇ بالىدىن:

—بۇ گۈلنى نېمىگە ئىشلەتمەكچىسەن؟—

دەپ سورىدى.

—ئاپامغا سوۋغا قىلماقچى ئىدىم، بۈگۈن ئاپامنىڭ تۇغۇلغان كۈنى،—دېدى بالا.

ئۇ يېنىدىن پۇل چىقىرىپ بالىنىڭ كەملەپ قالغان پۇلىنى تولۇقلاپ بەردى، بالا خۇشال بولغان ھالدا:

—رەھمەت سىزگە ئەپەندىم. ئاپام سىزنىڭ بۇ ھىممىتىڭىزدىن چوقۇم مىننەت-دار بولىدۇ،—دېدى.

—ھېچقىسى يوق، بۈگۈن مېنىڭ ئاپام-نىڭمۇ تۇغۇلغان كۈنى،—دېدى ئۇ.

(ئاخىرى 29-بەتتە)



# مۇھەببەت ۋە دۇملەنگەن كاللا گۆشى



ۋېلانىڭ جىرت (رۇمىنىيە)

مەن ئۇنى بىر كۆرۈپلا ياخشى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى ئىدى. ئۇ داۋاملىق رەتلىك ۋە چىرايلىق كىيىنىپ يۈرگەچكە، تەنتەربىيىچىدەك روھلۇق كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ پەقەت بىرلا كەمچىلىكى بولۇپ، ئادەمنى بەكمۇ جىلە قىلاتتى. ئۇ، مېنى بىرئازمۇ ياخشى كۆرمەيتتى. مەن بولسام ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئادىمى بولۇپ قېلىشنى ئويلايتتىم. شۇڭا ئۆزۈمدە ئۇنىڭدىكى ئارتۇقچىلىقلارنى يېتىشتۈرۈش نىيىتىگە كەلدىم.

مەن ئالدى بىلەن ئۆز خىزمىتىمگە بېرىلىپ كىرىشتىم. بىر ھەپتە ۋاقىت سەرپ قىلىپ، بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان بوغالتىرلىق ستاتىستىكا جەدۋىلى تۈزۈپ چىقتىم. بۇ دۇنيا تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان مىسال. ئىدارە مېنى ئۈلگە قىلىپ تىكلەپ، بىرمۇنچە مۇكاپات بەردى. ئۇ پەقەتلا ھېچ ئىش بولمىغاندەك ماڭا: شەخسىي نام - مەنپەئەت كۆزلەيدىغان ئاياللارغا قىزىقمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

بۇنىڭ بىلەن مەن گۈلدەك ياسىنىپ يۈرۈش قارارىغا كەلدىم. مۇھەببەت ئۈچۈن پۇلۇمنىڭ ھەممىسىگە كىيىم - كېچەك سېتىۋالدىم. مەن بىراقلا بىرنەچچە قۇر كىيىم تىكتۈرگەچكە، بارلىق قىز دوستلىرىم مەن بىلەن بولغان بېرىش - كېلىشنى توختاتتى. ئۇلار ھەسەت ئوتىدا كۆيۈپ، مېنىڭدىن نەپرەتلەندى. لېكىن مېنىڭ خىزمەتتە كىيىدىغان كىيىمىم ۋە ئېگىز پاشنىلىق ئايىغىم ئۇنىڭدا ھېچقانداق تەسىرات قالدۇرالمىدى. ئۇ پەقەت ماڭا: مودا قوغلىشىدىغان ئاياللار مېنىڭ ئىشەنچىمگە ئېرىشەلمەيدۇ، دېگەندەك قىلدى.

مەن ئۆزۈمگە كۆپ نەرسىگە قىزىقىدىغان بىر ئايالنىڭ تۈسىنى بەرمەكچى بولدۇم. ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن، ھەر كۈنى كۇتۇپخانىغا بېرىپ جۇغراپىيە، تارىخ، ئەدەبىيات ۋە سەنئەتكە ئائىت كىتابلارنى كۆردۈم، ئۇنىڭدىن باشقا بىر قىسىم پەلسەپىۋى ئەسەرلەرنى ۋە مەشھۇر مۇزىكانتلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلدىم. بىرقانچە خىل چەت ئەل تىلى ئۆگەندىم، بارلىق مۇزېيلارنى ۋە كۆرگەزمىلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلدىم. ئەتراپىمىزدىكىلەرنىڭ ھەممىسى مېنى «قامۇس» دەپ ئاتاشقا باشلىدى. ئەگەر مەلۇم بىر كىشى ئاسماندا قانچە يۇلتۇز بارلىقىنى ياكى يېڭى

زالالىدىكى ئەڭ كىچىك كۆلنىڭ چوڭ-
قۇرلۇقىنىڭ قانچىلىكلىكىنى بىلمەكچى
بولسا، بۇنى ھەرقانداق خەرىتىدىن ئىز-
دەپ تاپالمايدۇ. ئەمما مېنىڭ ئاغزىمدىن بۇ
سانغا تېزلا ئېرىشەلەيدۇ. لېكىن، بىر كۈنى مەن
ئۇنىڭ بىلەن پىيكاسو ئىجادىيىتىنىڭ
گۈللەنگەن دەۋرى ئۈستىدە پاراڭلىشىۋېتىپ،
ئۇنىڭ چىرايىدىن تولىمۇ بىزار بولۇۋات-
قانلىقىنى بايقىدىم. ئۇ ماڭا: «ئايال تالىپ
مېنىڭ غايەمدىكى ھەمرايىم ئەمەس، دېدى.

مەن ئەڭ ئاخىرىدا تەنتەربىيە بىلەن
شۇغۇللاندىم. مەن ئىلگىرى تەنتەربىيىگە
ئانچە قىزىقمايتتىم، ئەمما مۇھەببەت ئۈ-
چۈن مەن تەنتەربىيە كۇلۇبىغا ئەزا
بولدۇم. قاتتىق مەشىق قىلىش ئارقىلىق
ئىگىلىشكە بولىدىغان گىمناستىكا ماھارەت-
لىرىدىن چويۇن توپ ئېتىش، گۈزەللىك
گىمناستىكىسى ئويناشلارغىچە ئىگىلىدىم.
بىراق، بۇ قېتىم مەن يەنە بىر قېتىم
مەغلۇپ بولدۇم. ئۇ ماڭا قىلچىمۇ پىسەنت
قىلمىغان ھالدا: «ئايال تەنھەرىكەتچىنىڭ
ماڭا بېرىدىغان تەسىرى ئات مۇسابىقىسىدىن
قېلىشمايدۇ، ئەمما مەن ئات مۇسابىقىسىگە
ئازراقمۇ قىزىقمايمەن» دېدى.

مەن يەنە بىر قېتىم سىناپ باقماقچى
بولدۇم، مەن ئۇنىڭ پروكاتلاش مۇتە-
خەسسىسى ئىكەنلىكىنى ئويلاپ مۇھەببەت
ئۈچۈن بۇ ھەقتىكى ماتېرىياللارنى تەتقىق
قىلدىم. بىر قىسىم مەسىلىلەرنى ياخشى
ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، مەن بىرقانچە
مېتال ئېرىتىش زاۋۇتلىرىنى ئېكسكۇر-
سىيە قىلدىم. مەن ئۇنىڭ بىلەن «مېتال
ئېرىتىش ئىشچىلىرى شائىرلىق بېغى» كافې-
خانىسىدا ئۇچرىشىپ قالغان ۋاقتىمىزدا، ئۇ-
نىڭغا مېتال تۇرۇبىسىنى پروكاتلاشنىڭ
سىرى ئۈستىدە سۆزلىدىم. بەش مىنۇتتىن
كېيىن ئۇ مېنى ماشىنىسى بىلەن ئاپىرىپ
قويۇشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتتى. يول
ئۈستىدە ئۇ ئەسنەپ تۇرۇپ ماڭا مۇنداق
دېدى: «پروكاتلاش خىزمىتى روشەنكى
ئاياللار كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە ئەمەس».

بۇ ماڭا نىسبەتەن ھېسسىيات جەھەت-
تىكى بىر قېتىملىق قاتتىق زەربە بولدى.
مەن بەكمۇ ئازابلانغاچقا، ئۇنى مەڭگۈ
ئۇنتۇپ كېتىش قارارىغا كەلدىم. مېنىڭ
قىلغانلىرىم يېتىپ ئاشقاندى.

بىر ئايدىن كېيىن ئۇ مەن تونۇيدى-
غان بىر قىز بىلەن توي قىلدى. بۇ مەن
ئۈچۈن ئىشىنىش قىيىن بولغان بىر ئىش
بولدى. شۇڭا مەن ئۇنىڭ ئايالىدىن قان-
داق قىلىپ شۇنچە تېز بىر ھېسسىياتسىز
ئەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئەسىرگە
ئالغانلىقىنى سورىدىم.

ئۇ ساراڭغا ئوخشاش كۈلۈپ تۇرۇپ،
(مەن شۇنداق ھېس قىلدىم) مەن سورىغان
سوئالغا جاۋاب بەردى.

— ئۇنىڭ ماڭا دېيىشىچە، ئۇ مەن
دۇملەپ پىشۇرغان كالا گۆشىنى ياخشى
كۆرۈپ قاپتۇ.

مامۇت ئەخمەت تەرجىمىسى

---

(بېشى 33 - بەتتە)

7. ھەدېسىلا لاپ ئۇرۇپ، ئۆزىڭىزنى كۆرسەتمەڭ.

8. ھەسەتخورلۇقتىن ساقلىنىڭ، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىق ۋە نەتىجىلىرىگە ئىچى تارلىق قىلماڭ. سۇخەنچىلىك قىلىپ ياخشى كىشىلەرنىڭ ئارقىسىدىن بىمەنە سۆزلەرنى تارقاتماڭ. بۇنداق قىلسىڭىز، باشقىلارنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ قالىسىز.

9. پايدىنى كۆرگەندە خۇش بولۇپ، زىيان تارتقاندا خاپا بولۇپ كەتمەڭ، ئەقىللىق كىشىلەر پۇل ئۈچۈن ئابرويىنى تۆكمەيدۇ.

10. يالغانچىلىق، قۇۋلۇق - شۇملۇق قىلىشتىن ساقلىنىڭ. بۇنداق قىلسىڭىز، ئاخىرقى ھېسابتا ھەممىدىن ئايرىلىپ قالىسىز.

# قىزچاق تۇرمۇشتا بەختلىك بولاي دېسىڭىز



سەيپىدىن سەئىدى

قىزچاق، سىزمۇ بەلكى ئۆزىڭىزگە لايىق ياخشى جورا تاللاپ بەختلىك بىر ئائىلە قۇرۇۋېلىش ھەققىدە شېرىن ئارزۇلارنى قىلىدىغانسىز؟ شۇنداق ئىكەن تۆۋەندىكى ئون ئىشقا ئېھتىيات بىلەن قاراڭ.

1. جورا تاللاشتا قارشى تەرەپنىڭ سۆلىتىگە قارىماڭ. بەزىلەر قارشى تەرەپنىڭ كىيىم-كېچىكى، چىرايى ۋە يۈرۈش-تۇرۇشىغا «ئاشىق» بولۇپ قالىدۇ-دە، ئالدىنىپلا تۇرمۇش قۇرۇدۇ. لېكىن، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار پىكىر، ھېسسىيات، تۇرمۇش ئادىتى ۋە مىجەزىدە بىرلىككە كېلەلمەي ئائىلە تۇرمۇشىدا، نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىلگىرىكى شېرىن خىياللار كۆپۈككە ئايلىنىپ، پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالماي قالىدۇ.

2. ئىچ - سىرىڭىزنى كۆرگەنلا كىشىگە ئېيتىپ يۈرمەڭ. ئادەملەر ئوخشاش بولمايدۇ، يامان غەرەزلىك ئادەملەر سىر ئوغۇرلاشقا ئۇستا كېلىدۇ. ئۇلار سىزگە يېقىنلىشىپ، ئىچ-سىرىڭىزنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، تۈرلۈك يوللار بىلەن تۇرمۇش ئىشلىرىڭىزغا توسقۇنلۇق قىلىشى، ھەتتا سىزنى ياخشى كۆرگەن ئادەم بىلەن قارىمۇ - قارشى قىلىپ قويۇپ، پەردە ئارقىسىدا تاماشا كۆرۈشى مۇمكىن.

3. زىيادە كەڭ قوللۇق قىلىشتىن، شۇنداقلا زىيادە پىخسىقلىق قىلىشتىن ساقلىنىڭ،

4. ئۆزىڭىزنى ئېغىر - بېسىق تۇتۇڭ. چوڭلار ۋە ئوبيېكتىڭىزنىڭ ئۇرۇق-تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرى ئالدىدا شوخلۇق قىلدىم، دەپ كەلسە - كەلمەس سۆز - ھەرىكەتلەرنى قىلسىڭىز، ئۇلاردا «ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىكەن، ۋات - ۋات ئىكەن، شاللاق ئىكەن» دېگەن قاراشنى پەيدا قىلىپ قويۇسىز-دە، بۇنىڭ بىلەن مۇھەببەت ئىشلىرىغا پايدىسىز ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ.

5. قارشى تەرەپكە ناتونۇش كىشىلەرنى ئارتۇقچە ماختاپ بەرمەڭ. بۇنداق قىلسىڭىز قارشى تەرەپتە «ئۇنىڭ بىلەن پەۋقۇلئاددە مۇناسىۋىتى بارمۇ-نېمە، ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان ئوخشىمامدۇ، مەن ئۇنىڭ كۆڭلىگە تازا ياقمىسام كېرەك...» دېگەن ئويلارنى پەيدا قىلىپ قويىسىز - دە، سىزدىن كۆڭلى سوۋۇپ قالىدۇ.

6. مېنىڭ راست دەپلا تۇرۇۋالماڭ. خەقنىڭ گېپىنى تارتىۋېلىپ ئارتۇقچە تاكاللاشىپ يۈرمەڭ، بۇنداق قىلسىڭىز قارشى تەرەپتە «بۇ بەك مەن - مەنچىكەن، باشقىلارنىڭ قارىشىغا ھۆرمەت قىلمايدىكەن» دېگەن قاراش پەيدا بولۇپ قالىدۇ.

(ئاخىرى 32 - بەتتە)

# زەھەرلىك چېكىملىكلەرگە قارشى كۈرەش قىلىۋاتقان ئايال مىنىستىر مۇننىكا دېگىرىيف

كىشىلەر كولومبىيەنىڭ نۆۋەتتىكى زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى تازىلاش كۈرىشىدە تۆت مىڭدىن ئارتۇق سوتچىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، بىرىنچى سەپتە تۇرۇپ ئىشلەۋاتقان ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى ئەمدىلا 32 ياشقا كىرگەن ئايال ئىكەنلىكىنى بىلگىنىدە، ئۇنىڭ بۇ ئىشنى ئىشلەپ كېتەلىشىدىن ئەنسىرەپ چۆچۈپ كېتىشتى، چۈنكى كولومبىيەدە زەھەرلىك چېكىملىك زومىگەرلىرى بەكمۇ ئەشەددىيلىشىپ كەتكەنلىكتىن، ئەدلىيە مىنىستىرى بولۇش ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى.

1984 - يىلىدىن بۇيان، كولومبىيەدە ئەدلىيە مىنىستىرى بولغان ئىككى مىنىستىر ئايرىم - ئايرىم ھالدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، زەھەرلىك چېكىملىك زومىگەرلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنىدى.

ھازىرقى زۇڭتۇڭ بېرانكور تەختكە چىققاندىن بۇيانقى ئۈچ يىل ئىچىدە، سەككىز نەپەر ئەدلىيە مىنىستىرى ئۆزىنىڭ ئىستېدادىنى جارى قىلدۇرالماي خىزمىتىدىن ئىستېپا بەردى. شۇڭا، يېڭى ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ئايال مىنىستىر مۇننىكا دېگىرىف «زەھەرلىك چېكىملىكلەر زومىگەرلىرىنىڭ تەھدىتىدىن قورقۇپ ئىستېپا بېرىپ، ئامېرىكىغا كەتمەكچى» دېگەنگە ئوخشاش ئېغىزلار يامراپ كەتكەندە، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ئېغىزلارغا ئىشىنىپ قالدى.

ئەمما ۋەزىپىگە تەيىنلەنگىنىگە ئەمدىلا ئىككى ئاي بولغان مۇننىكا دېگىرىف كۆپچىلىكنىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىقتى. ئامېرىكا تەرەپ، مۇننىكا دېگىرىف ئىستېپا بەرمىدى، ئۇ ئامېرىكا تەرەپنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چەكلەش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ، دەپ ئىسپاتلىدى. زەھەرلىك چېكىملىكلەر زومىگەرلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈش تەھدىتىمۇ بۇ خانىمنى قورقۇتالمىدى.

مۇننىكا دېگىرىف ئەدلىيە ساھەسىدىكى يۇقىرى تەبىقە ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ دادىسى كولومبىيەنىڭ دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. مۇننىكا دېگىرىف كولومبىيەنىڭ سىياسىي سەھنىسىدە تېزلىشىپ يۇقىرى ئۆرلىدى. ئۇ، ئەدلىيە مىنىستىرى بولۇشتىن ئىلگىرى كان سانائىتى مىنىستىرلىكى ۋە قۇۋۋەت مەنبەسى مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى شۇنىڭدەك ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەردە بولادى.

مۇننىكا دېگىرىف كولومبىيەنىڭ سىياسىي سەھنىسىدىكى ياش بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ۋەكىلى، ئۇ، مۇئامىلىدە سىلىق، قىزغىن بولۇپ، كەلگۈسىگە تولۇپ-تاشقان ئىشەنچ بىلەن قارايدۇ، لېكىن تەھلىلچىلەر، زەھەرلىك چېكىملىكلەر يامراپ كەتكەن كولومبىيە جەمئىيىتىدە مۇننىكا دېگىرىفتا يېتەرلىك تەجرىبە ۋە تەرەپ - تەرەپتىن كېلىۋاتقان غايەت زور بېسىمغا تاقابىل تۇرغۇدەك ئۇسۇل-چارە كەمچىل دەپ قاراشماقتا. ئۇلار، ھەتتا نۇرغۇن ئەرلەرمۇ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن بىر ئاجىز ئايال قانداقمۇ چىقالار؟ دەپ گۇمانلانماقتا.

ھالبۇكى، مۇننىكا دېگىرىف ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغاندىن بۇيان، سوتچىلارنىڭ ئىككى قېتىم كوللېكتىپ ئىش تاشلىشى، شۇنىڭدەك زەھەرلىك چېكىملىكلەر زومىگەرلىرىنىڭ سانسىزلىغان تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ قىلچە چېكىنمەي ئىشلىدى. ئۇنىڭ مۇستەھكەم ئىرادىسى نۇرغۇن ئەرلەرنى خىجالەتچىلىكتە قالدۇرماقتا.

ئىسمائىل ئىبراھىم تەرجىمىسى

# ئۆزىنىڭ ياشلىق گۈلى ئۆز دادىسىنىڭ قولىدا سولدى

مەتقۇربان روزى

يېقىندا ئۆز پەرزەنتىنى ئۇرۇپ، ئۆلۈم ھادىسىسى كەلتۈرۈپ چىقارغان جاۋابكار مەتتۇرسۇن قازان تېگىشلىك قانۇنىي جازاغا تارتىلدى. نىيە ناھىيىسىنىڭ سالغۇزەك يېزىسىدا يۈز بەرگەن بۇ ۋەقە جامائەتچىلىكنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. ۋەقە مۇنداق بولغان: 1989 - يىلى 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئەتىگەندە جاۋابكار مەتتۇرسۇن قازان 12 ياشلىق قىزى تۇرسۇنگۈلنى قوشنىسى توختىخاننىڭ ئۆيىدىن ئارىيەت ئېلىپ كەلگەن تارازىنى ئاپىرىپ بېرىشكە بۇيرۇيدۇ. تارازىنى ئاپىرىپ بېرىشكە كەتكەن تۇرسۇنگۈل سەل ھايال بولۇپ قالىدۇ. بۇ چاغدا جاۋابكار مەتتۇرسۇن ئاچچىقلىنىپ تۇرسۇنگۈلنى ئىزدەپ ئالدىغا بارىدۇ. تۇرسۇنگۈل دادىسىنى كۆرۈپ، دەرھال يۈگۈرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. جاۋابكار مەتتۇرسۇن «نېمىشقا تېز كەلمەيسەن» دەپ ئۇنى قاتتىق تېپىدۇ. تۇرسۇنگۈل شۇ ھامان يىقىلىپ چۈشىدۇ-دە، يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ دادىسىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ئۆيىگە قاراپ يۈگۈرەيدۇ. جاۋابكار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىپ بېشىغا تاياق بىلەن قاتتىق ئۇرىدۇ. تاياق ئازابىغا چىدىمىغان تۇرسۇنگۈل يېلىنىپ «دادا مېنى ئۇرماڭ، بېشىم قېيىپ كۆزۈم ھېچنەرسىنى كۆرمەيۋاتىدۇ، جېنىم دادا...» دەپ نالە قىلىدۇ. لېكىن جاۋابكار ئۇنىڭ نالىسىغا پەسەنتمۇ قىلماي، تېپىدۇ. قاتتىق ئۇرىدۇ. بېشىدىن قان ئېقىۋاتقان تۇرسۇنگۈل ھوشسىزلىنىپ يىقىلىدۇ. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان قوشنىلىرى ئۇنى دەرھال دوختۇرخانىغا ئاپىرىدۇ. دوختۇرلارنىڭ ئىنچىكە تەكشۈرۈشى ئارقىلىق تۇرسۇنگۈلنىڭ باش سۆڭىكى زەخىملىنىپ مېڭىسىگە قان چۈشكەنلىكى ئېنىقلىنىدۇ. دوختۇرلار بارلىق ئاماللار بىلەن قۇتقۇزۇش ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، تۇرسۇنگۈل يورۇق دۇنيا بىلەن خوشلىشىدۇ.

بەزى ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەشتە تەربىيىنى ئاساس قىلماي ئۇرىدۇ، تىللايدۇ. «بالىنى ئۇرۇپ تىللىغانغا ھېچنەرسە بولمايدۇ، ئەكسىچە ئەدەبلىك چوڭ بولىدۇ» دەيدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە بالا تەربىيىلەشتىكى بىلىمسىزلىكنىڭ، چارىسىزلىقنىڭ ئىپادىسى. ئاتا - ئانىلار بالا تەربىيىلەشتە سۆزلەپ قايىل قىلىشنى ئاساس قىلىشى، ئىجابىي تەربىيە بېرىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشى، پەرزەنتلىرىگە كۆيۈنۈش ئاساسىدا قاتتىق تەلەپ قويۇشى، ئۆز ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۈلگە كۆرسىتىشى لازىم.

بالىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. ئەگەر ئۆز پەرزەنتلىرىنى خالىغانچە ئۇرۇپ، ھاقارەتلەپ يامان ئاقىۋەت پەيدا قىلغۇچىلار بولسا، جەزمەن قانۇنىي جازاغا تارتىلىدۇ.

---

(بېشى 41 - بەتتە)

توسۇپ تۇرغان قىسمىدىكى تۆۋەن دەرىجىلىك خىرىلداش ئاۋازىنى ئاڭلاشقا ئامالسىز قالىدۇ. شۇڭلاشقا يۆتىلىش، قىزىتىش قاتارلىق كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلگەن ئاياللار دوختۇرخانىغا كەلگەندە دوختۇرغا ئېيتىپ، ئاڭلىق ھالدا ئىچ كىيىم ۋە لىفچىكىنى يېشىۋېتىپ، دوختۇرنىڭ تىڭشاپ دىئاگنوز قويۇشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىشى لازىم.

كېرىم توختى تەرجىمىسى

## پارتىيەمنى كۈيلەيمەن

مەمتىمىن ھېيت

پارتىيە مەن سېنى كۈيلەيمەن ھەرچاغ،
چۈنكى سەن قەلبىمدە تەنھا نۇر قۇياش.
مېھرىڭدىن قۇت تاپتى ياشلىقىم، بەختىم،
يۈرىكىم رىشتىسى ساڭىلا تۇتاش،
سەن ماڭا كۆيۈمچان، بالاڭغا ئوخشاش.

سەن ماڭا باشپاناھ بولدۇڭ ھەر قەدەم،
تەربىيەڭ ئىلكىدە تاپتىم مەن ئەقىل.
مۇشكۈلنى يېڭىشتە كۈچ بەردىڭ پۈتمەس،
توسالماس يولۇمنى تاغ كەبى سېپىل،
ئەجرىڭگە بېرەلمەي جاۋاب، مەن خىجىل.

مەزلۇملار يىغىسى، يېتىم نالىسى،
سەن بولغاچ كۆلكىگە ئايلاندى بۈگۈن.
ناغرىسى چېلىنىپ باراۋەرلىكنىڭ،
خەلقىمىز قەلبىدە قالمىدى تۈگۈن،
شۇڭا شاد كۈيلەرگە قاتماقتىمەن ئۈن.

## سەن بولغاچ

ئابدۇرېشىت بارات ئۇيغاق

سەن بولغاچ قەلبىمدە مۇڭ ـ زار تېپىلماس،
سەن بولغاچ كۈلكىلەر بولمايدۇ غايىب.
سەندىن ھېچ ئۈزگىگە رىشتىم چېتىلماس،
مېھرىڭدىن نۇرلاندى قەلبىم ئاجايىپ.

ئەي، ئۇلۇغ پارتىيە بەخت قۇياشى،
سەن بىلەن ئېرىشتۇق ھۆرلۈك، تەڭلىككە.
سەن بىلەن ھەمنەپەس كۈيلەر جۇلاسى،
ياڭرايدۇ شاد ناخشا مەڭگۈ شەنىڭگە.

سەن بولغاچ خەلقىمگە ياغار قۇت ـ بەخت،
سەن بولغاچ قەلبىمدە بولماس ئەندىشە.
سەن بولغاچ ھەيۋىلەر بولماقتا بىتچىت،
سەن بولغاچ گەپ پۈتۈن مەندە ھەمىشە.

سەن بىلەن مۇشكۈللەر بولماقتا ئاسان،
نۇرلاندى بارچە دىل كۈندەك يوپ ـ يورۇق.
سەن بىلەن قۇردىمىز يېپيېڭى دەۋران،
چۈنكى سەن شەرەپلىك سەن توغرا، ئۇلۇغ.

## بارچە مىللەت قېرىنداش

ساتتار توختى

بارچە مىللەت قېرىنداش،
چىڭ ئۇيۇشقان ئۇيۇلتاش.
بىزنى ئالغا يېتەكلەر،
كومپارتىيە بولۇپ باش.

رىشتىمىز چىڭ چىگىلگەن،
ئۈزۈلمەيدۇ تا ئەبەت.
يالقۇنلايدۇ يۈرەكتە،
ۋەتەن ئۈچۈن مۇھەببەت.

## پارتىيە

ئاتىكەم ئەمەت

پارتىيەم ـــ ھاياتىم، بەختىم، ئامىتىم،
ئۇ يالقۇنلۇق نۇر گويا مەن بىر پەرۋانە.
مېھرىدىن نۇر ئېمىپ گۈللىدى بەختىم،
كۈيلەيمەن بىر ئۆمۈر ئۇرۇپ خەندانە.

## پارچە

ھاپىزجان مۇھەممەت

پارتىيەم رەھمەت ساڭا يۈرىكىمدىن،
سۆيگۈمىز ئاقار گويا دەريا بولۇپ.
سەن بىزگە قانات بەردىڭ ھايات بەردىڭ،
سەن باركى بەخت گۈلى قالماس سولۇپ.

## غۇنچە

ئىمىن تۇرسۇن

«غۇنچە كىم نىسبەت قىلۇر تار ئاغزىنى يار ئاغزىغا،
غۇنچەنىڭ قالى تولۇبدۇر، ئەي سابا، يار ئاغزىغا»،
بولمىغاي ھەر كىمگە يار ــ ھەر زامان غۇنچە نېسىپ،
يۈرىكى بىلمەي تۇرۇپ، رام بولسىمۇ يار ئاغزىغا.
چىن دىلىدىن سۆيسە كىم چىن يارىنى غۇنچە بىلىپ،
كۆيىدۇ تەگسە لېۋى گۈل يارىنىڭ تار ئاغزىغا.
ئايرىلىپ ئىپپەتىدىن كىم ئاغزىنى غۇنچە دېگەي،
غۇنچىنىڭ پەسلى ئۆتۈپ، يار بولغۇسى خار، ئاغزىغا.
گەر ۋاپادار بولسا سۆيگۈ ئالەمدە ھەر كىشى،
ئۆلگىچە غۇنچەم دېگەي، تولغاي ئىپار يار ئاغزىغا.

## سەھرا قىزىغا

ئابدۇللا كېرەم

سۈرتمە قىزچاق يۈزلىرىڭنى ئالدىراپ،
كۆزۈم چۈشتى ئاشۇ توزان ـ توپىغا.
شۇ توپىغا سۆيگۈ رىشتىم باغلانغان،
تېگىشمەيمەن ئۇنى شۇڭا ئۇپىغا.

سۈرتمە قىزچاق يۈزلىرىڭدىن توپىنى،
ئۇندا ئەجداد تۆككەن قانىنىڭ دېغى بار.
بىز تۇغۇلدۇق ئاشۇ تۇپراق باغرىغا،
ئۆستۈق شۇڭا باياشات ۋە بىغۇبار.

سۈرتمە قىزچاق يۈزلىرىڭدىن توپىنى،
شۇ توپىدىن كېلۇر گۈلنىڭ پۇرىقى.
كۈلدۈرۈشكە ئۇلۇغ ئارزۇ ـ تىلەكنى،
بولايلى بىز كېلەچەكنىڭ ئۇرىقى.

## جاۋاب

داۋۇت مەتنىياز

پۈكلىنىپ ئاغرىقتىن قىينىلار موماي،
چىرايى سارغايغان، نەپەسلىرى تېز.
تەلمۈردى شىپالىق تىلەپ دوختۇرغا،
پەرىشتە كۆرۈندى ئاق خالاتلىق قىز.

قايتىلاپ سانجىلدى پارقىراق يىڭنە،
قاقشالدەك بىلەكتىن تومۇر تېپىلماي.
ھاسىراپ، تېلىقىپ ئېگىربىدى ئايال،
ياش تۆكۈپ: «بىلىكىم ئاغرىپ كەتتى ۋاي!»

دېدى قىز دوق قىلىپ: «تومۇرىڭىزنى،
تاپقىلى بولمىدى، كەتتى ئۇ قايان؟»
ئۇ موماي سۆزلىدى: «كايىماڭ قىزىم،
تاپىسىز مېنىڭدەك بولغاندا ئاسان...»




ئائىلە مۇھىتىنىڭ شۇ ئائىلىدىكى ھەر بىر ئەزانىڭ سالامەتلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار. بىر ئادەمنىڭ سالامەتلىكىنىڭ قانداق بولۇشى ئومۇمەن مۇنۇ ئىككى ئامىل تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ: بىرى، مۇھىت ئامىلى، يەنە بىرى، ئادەمنىڭ ئۆزىدىكى ئامىل. ئۆزىدىكى ئامىل جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىرسىيەت مەلۇم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مۇھىت ئامىلىدىن ئېيتقاندا، ئائىلىدىن ئىبارەت كىچىك مۇھىتنىڭ ئەھۋالى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ سالامەتلىكىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىز ئاتموسفېرانىڭ بۇلغىنىش ئەھۋالىغا ئامالسىز بولساقمۇ ئائىلىدىن ئىبارەت بۇ كىچىك مۇھىتنى ئاسراش قولىمىزدىن كېلىدۇ. ئالايلۇق: ئۆينىڭ ھاۋاسىنى ساپلاشتۇرۇش ئۈچۈن دېرىزىنى ئېچىپ ھاۋانى ئالماشتۇرۇش، ئۆينى دائىم تازىلاپ، پاكىز تۇتۇش، ئۆيدە تاماكا چەكمەسلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئانچە تەس ئەمەس. لېكىن ئائىلە مۇھىتىنى قوغداش يالغۇز ئۆينىڭ پاكىز، ھاۋاسىنىڭ يېڭى بولۇشىغىلا قارىتىلغان بولماستىن، يەنە ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى يەنى يېمەكلىك، تۇرمۇش ئادىتى ۋە ئائىلە كەيپىياتىنىڭ ياخشى بولۇشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك.

بىر ئائىلە بىلەن يەنە بىر ئائىلىنىڭ ئەتكەن تاماقلىرى ئوخشىمايدۇ. چوڭ تاماقخانىلارنىڭ ھەرقانچە ئېسىل تاماقلىرىمۇ ئائىلىدە ئېتىلگەن تاماقلارغا يەتمەيدۇ. ئائىلىدە ئۆيدە ئېتىلگەن تاماقلار كىشىلەر ئوزۇقلۇقىنىڭ ئاساسلىق كېلىش مەنبەسى، شۇڭلاشقىدەك بۇ تاماقلار كېسەلدىن مۇداپىئەلىنىش، كېسەلگە گىرىپتار بولۇش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. گۆشنى كۆپ ئىستېمال قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئائىلىلەردىكى ئائىلە ئەزالىرى ئىچىدە يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى، گۆشسىز تاماقنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىدىغان ئائىلىلەردىكىلەرگە قارىغاندا كۆپ بولىدۇ؛ تاماقنى تاللاپ يەيدىغان ياكى بولۇشىغا يەپ-ئىچىدىغان ئائىلىلەردە ھەزىم قىلىش سىستېمىسى كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولىدىغانلار كۆپرەك بولىدۇ؛ تاماق تاللاش ئۆسمۈرلەردە ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؛ بىر كۈندىكى ئۈچ ۋاقلىق تاماقتا ناھايىتى كۆپ بىلىملەر بار. كۆرۈچنى تازىلاش، كۆكتات يۇيۇش، سەي توغراش، تاماق ئېتىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ سالامەتلىكى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. يېمەكلىكلەرنىڭ تازىلىقى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ سالامەت بولۇشىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

تۇرمۇش ئادىتىدە ئائىلىنىڭ تەسىرى روشەن ئىپادىلىنىدۇ. بىر ئائىلىدىكى كۈندىلىك لازىملىق نەرسىلەرنىڭ، كىيىملەرنىڭ رەتلىك ساقلىنىشى، ئورنىدىن تۇرۇش ۋاقتى، كۆڭۈل ئېچىش ئۇسۇلى قاتارلىقلار يەنە بىر ئائىلىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. كۆز قىزىرىش كېسەللىكى تارقالغاندا، ئېقىن سۇدا يۈز-قوللىرىنى يۇيۇپ ئادەتلەنگەن ئائىلىلەردە

بۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغانلار ناھايىتى ئاز بولغان. بىر جاۋۇردا يۈز يۇيۇشقا ئادەتلەنگەن ئائىلىلەردە، ئائىلە بويىچە شۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغانلار كۆپ بولغان. شاڭخەيدە «ئا» تىپلىق جىگەر كېسەللىكى ئەۋج ئالغان مەزگىلدە، بەزى ئائىلىلەردە ئائىلە ئەزالىرى ئارقا-ئارقىدىن كېسەل بولۇپ يېقىلغان، بەزى ئائىلىلەردە ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بىرىمۇ بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولمىغان.

ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن ئائىلىلەردىكى ئائىلە ئەزالىرى كۆڭۈل ئېچىشنى بىلىدۇ، ھەرىكەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەكسىچە ئۆيدىن چىقمايدىغان، تېلېۋىزور كۆرۈپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكى ئانچە ياخشى بولمايدۇ. «كۆڭۈل ئېچىشقا ۋاقىت نەدە» دەيدىغانلارمۇ بار، ئەلۋەتتە. ئۇلار كۈن بويى ئالدىراپلا ئائىلىنىڭ تۈگىمەس ئۇششاق-چۈششەك ئىشلىرى بىلەن بەند بولىدۇ، ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئائىلىسىدە تەرتىپلىك، رەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇش بولمايدۇ. ئۇلار دائىم باش ئاغرىقى، بەل ئاغرىقى، يۈرەكنى سىلىش، ئۇيقۇسىزلىق تۈپەيلىدىن پاراكەندە بولۇپلا يۈرىدۇ. ئەگەر بالا مۇشۇ خىل تەرتىپسىزلىكنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىسا، ئۇمۇ دەرسنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ تەكرارلىمايدۇ. بۇ خىل كىشىلەر تۇرمۇش ئادىتىنى ئۆزگەرتىپ، مەسىلىلەرنى باشقا جەھەتتىن ئويلاشسا، ئۇ ۋاقىتتا ئۇلار ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ ئۈنچىلىك مەنىسىز ئەمەسلىكىنى، ئائىلە ئىشلىرىنىڭمۇ كۆڭۈللۈك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايدۇ.

ئائىلە مۇھىتىنىڭ ياخشى بولۇشى ئىللىق ۋە ئىناق ئائىلە كەيپىياتىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بولۇپ تۇرىدۇ. ئەمما ئۇلار بىر-بىرىگە كۆيۈنىدۇ. ئائىلىدىكى ئەزالارنىڭ ساق-سالامەت بولۇشىدىكى مۇھىم بىر ئامىل ئۆزئارا ئىناق-مېھرىبان ئۆتۈشتۇر. بەزى ئائىلىلەردە ئائىلە ئەزالىرى ھەمىشەم ئۆزئارا بىر-بىرىنى ئەيىبلەپلا يۈرىدۇ، ئۇلار مەن قارشى تەرەپنى ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن ئۇنى تېخىمۇ ياخشى بولسۇن دەپ مۇشۇنداق قىلىمەن دەيدۇ. لېكىن بۇ خاتالاشقانلىق بولىدۇ. يەنى سىزنىڭ ياخشى كۆرۈش ئۇسۇلىڭىز توغرا بولمىغان. بۇ خىل قاملاشمىغان ياخشى كۆرۈش ئائىلىدىكىلەرنى بىر خىل جىددىيلىك، بىئاراملىققا سېلىپ، پىسخولوگىيە جەھەتتىكى توسالغۇنى كۈچەيتىۋېتىدۇ. روھىي ھالىتىنىڭ قانداق بولۇشى، بىر ئادەمنىڭ ئىچكى ئاجراتما سىستېمىسى ۋە ئىممۇنىتېت سىستېمىسىنىڭ ئىقتىدارىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەر، ئالايلۇق: يۇقىرى قان بېسىم، تاجىسىمان يۈرەك كېسەللىكى، ھەزىم قىلىش يولى يارىسى، قالقان بەز خىزمىتى كۈچىيىپ كېتىش كېسەللىكى ھەتتا راك كېسەللىكى قاتارلىقلارمۇ كەيپىياتنىڭ ياخشى بولماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مېھرى-مۇھەببەت دېمەك خۇددى قۇياشقا ئوخشاش قارشى تەرەپكە يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىق بېرىش دېمەكتۇر. ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭ مېھىر-مۇھەببىتىڭىزنى ئائىلىدىكىلىرىڭىزگە بېغىشلىيالىسىڭىز، سىزمۇ ئائىلىڭىزدىكىلەرنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولالايسىز. تۇرمۇش ئۆزئارا كۆيۈنۈش، ئۆزئارا ياخشى كۆرۈش كەيپىياتىدا ئۆتكەندىلا ئاندىن ئائىلە كۆڭۈللۈك بولىدۇ.

ئۇرۇق-تۇغقانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا مۇھىم رول ئويناپلا قالماي، يەنە كېسەل بولغۇچىنىڭ سالامەتلىكىنىڭ بالدۇرراق ئەسلىگە كېلىشىدىمۇ تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. سىز كېسەل بولۇپ قالغان چاغدا، يېقىن كىشىلىرىڭىز ئىللىق مېھرى-مۇھەببىتى بىلەن بېشىڭىزنى يېنىك سىلاپ قويسا، كېسىلىڭىز خېلى يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلىسىز. ئائىلىڭىزدىكىلەرنى ساغلام، خۇشال-خۇرام ئۆتسۇن دېسىڭىز مېھرى-مۇھەببىتىڭىز بىلەن ئائىلىڭىزدىن ئىبارەت بۇ كىچىك مۇھىتنى ئاسراڭ.

**ماھىنۇر ئابدۇللا تەرجىمىسى**



# ئاياللار ئەر دوختۇرلارغا كېسەل تەكشۈرتكەندە

كېسەل كىشى دوختۇرغا كۆرۈنگەن چاغدا، دوختۇرنىڭ تەكشۈرۈشكە ماسلىشىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇرغۇنلىغان ئايال كېسەللەر ئەر دوختۇرلارنىڭ تەكشۈرۈشكە ماسلىشىپ بېرەلىسىمۇ، ئەمما بەزى ئايال كېسەللەر قورۇنۇش روھىي ھالىتىدە بولىدۇ، ھەتتا بەزىلىرى دوختۇرنىڭ تەكشۈرۈشىنى رەت قىلىپ، كېسەلنى ئېغىرلاشتۇرۇۋالىدۇ. بەزەن مۇھەببەتلىشىۋاتقان قىزلار دوختۇرغا ئۆزىنى تەكشۈرتۈشكە توغرا كەلگەندە يىگىتى يېنىدىن كەتكىلى ئۇنىماي، دوختۇرنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە سەپسېلىپ تۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە مۇنداق قىلىش ھاجەتسىز، شۇنداقلا ئۇ قانۇنغىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بەزى ئاياللار ئەر دوختۇرنىڭ تەكشۈرۈشىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، تىببىي قائىدىلەرنى بىلمىگەنلىكتىن، خاتا ھالدا ئۇ ماڭا يامان نىيەتتە بولدى دەپ قاراپ، زۆرۈر بولمىغان ئۇقۇشماسلىقلار ۋە ماجىرالارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، دوختۇر بىلەن كېسەل ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بەزى ياش دوختۇرلار كېسەلنى بىۋاسىتە تەكشۈرۈشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ۋاسىتىلىك تەكشۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. مەسىلەن، ئامبۇلاتورىيىدە كېسەل تەكشۈرگەندە، ئايال كېسەللەر ئىچ كىيىمى ۋە لىفتىكىنى يېشىۋېتىشنى خالىمىغانلىقتىن [دوختۇر تىڭشاپ دىئاگنوز قويۇشقا ئامالسىز قېلىپ، كۆكرەك قىسمىنى رېنتگېندە تەكشۈرۈش، ئۇق قان ھۈجەيرىلىرىنى لابوراتورىيىدە تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئاندىن يۈرەك ۋە ئۆپكىسىگە دىئاگنوز قويىدۇ. گەرچە بۇ خىل ئۇسۇل «كېسەلگە جاپا، پۇلغا زىيان» بولىدىغان تەكشۈرۈش ئۇسۇلى بولسىمۇ، ئەمما دوختۇرلار مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

شۇڭلاشقا ئايال كېسەللەر نېمىنىڭ قائىدە ئىچىدىكى بەدەن تەكشۈرۈش ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىپ، دوختۇرنىڭ تەكشۈرۈشىنى تەشەببۇسكارلىق ۋە خاتىرجەملىك بىلەن قوبۇل قىلىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قانداق ئەھۋال ئاستىدا تەكشۈرتۈشنى رەت قىلىش لازىملىقىنى بىلىۋېلىپ، ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئەخلاقسىز دوختۇرلارنىڭ تەكشۈرۈش داۋامىدا يامان غەرەزدە بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغدىشى كېرەك.

تىبابەتچىلىكتىكى بەدەن تەكشۈرۈش ئىنتايىن ئىنچىكە خىزمەت. قائىدە ئىچىدىكى بەدەن تەكشۈرۈش ئادەتتە كۆرۈش، تۇتۇش، چېكىش ۋە تىڭشاشتىن ئىبارەت تۆت خىل تەكشۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ تۆت خىل تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، كېسەل كىشى بەدىنىنى ئېچىپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ، دوختۇر قولى بىلەن كېسەلنىڭ بەدىنىنى، ھەتتا ئاياللارنىڭ سەزگۈر ئەزالىرىنى بىۋاسىتە تۇتۇپ تەكشۈرۈشى مۇمكىن. لېكىن بۇنىڭدا قاتتىق ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك قائىدە ۋە تەرتىپ بولۇپ، بۇ ھەرگىز دوختۇر كېسەلنىڭ بەدىنىنى خالىغانچە سىلاپ-سىيپىسا بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. قائىدە دېگىنىمىز، دوختۇر جەزمەن رىئايە قىلىشى زۆرۈر بولغان تەرەپلەرگە، تەرتىپ دېگىنىمىز،

دوختۇر ئىمكان قەدەر رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان تەرەپلەرگە قارىتىلغان.

ئەر دوختۇرلار ئايال كېسەللەرنى تەكشۈرگەندە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان قائىدىلەر مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

1. بەدەننىڭ مەلۇم قىسمىنى يالىڭاچلاپ تەكشۈرۈشكە توغرا كەلگەندە، بولۇپمۇ ياشراق ئاياللارنى تەكشۈرگەندە قانۇنلۇق ۋە مۇۋاپىق بىرسى ئۈستىدە تۇرۇشى كېرەك. قانۇنلۇق ۋە مۇۋاپىق بىرسى دېگىنىمىز كېسەلنىڭ ئانىسى، ئاچا-سىڭلىسى، نىكاھ خېتى ئالغان ئېرى، ئايال خىزمەتدىشى، ئايال سېستىرا ياكى ئايال كېسەلدىشىغا قارىتىلغان. كېسەل ئايالنىڭ دادىسى، ئاكا-ئىنىسى، ئەر خىزمەتدىشى قاتارلىقلارنىڭ كېسەلنىڭ يېنىدا تۇرۇشى مۇۋاپىق ئەمەس. كېسەلنىڭ مۇھەببەتلىشىۋاتقان يىگىتى مەيلى قانۇنىي جەھەتتىن ياكى ھېسسىيات جەھەتتىن بولسۇن كېسەلنىڭ يېنىدا تۇرۇشقا بولمايدۇ. شۇڭا كېسەلنى تەكشۈرۈۋاتقان چاغدا كېسەل ياكى دوختۇرنىڭ ئۇنى نەسىھەت بىلەن چىقىرىۋېتىپ، باشقا مۇۋاپىق بىرسىنى چاقىرىش ھوقۇقى بار.

2. كۆكرەك، قورساق قىسمىنى يالىڭاچلاپ تەكشۈرۈشكە توغرا كەلگەندە، پەردىنى تارتىپ قويۇش ياكى مۇناسىۋەتسىز كىشىلەرنى چىقىرىۋېتىش كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا كېسەلنىڭ تەكشۈرۈشنى رەت قىلىش ھوقۇقى بار.

3. جىنسىي قىسمىنى تەكشۈرۈشكە توغرا كەلگەندە، ئادەتتە ئاياللار كېسەللىكلىرى—تۇغۇت بۆلۈمىنىڭ دوختۇرلىرىنى بىرلىكتە دىئاگنوز قويۇشقا تەكلىپ قىلىش لازىم. ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى ياكى تېرە كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنىڭ دوختۇرلىرى، ئاياللار كېسەللىكلىرى بۆلۈمى دوختۇرلىرىنىڭ ھەمكارلىشىشى ئارقىسىدا، جىنسىي قىسمىدىكى كېسەللىكنى تەكشۈرۈپ دىئاگنوز قويسا بولىدۇ. يۇقىرىدىكى قائىدىلەر 14 ياشتىن تۆۋەن قىز كېسەللەرگە نىسبەتەن سەل كەڭرەك قويۇلسا بولىدۇ. يەنى بۇنداق قىزلارنى ئائىلىسىدىكىلەر ياكى كېسەلداشلىرىنىڭ ئالدىدا تەكشۈرۈشكە بولىدۇ.

جىددىي ئەھۋال ئاستىدا، يۇقىرىدىكى قائىدىلەرگە ئېسىلىۋېلىشقىمۇ بولمايدۇ. مەسىلەن، سۇدا تۇنجۇقۇپ قالغان، توك سوققۇۋەتكەن، سىرتقى قىسمى يارىلانغان ئاياللارنى قۇتقۇزۇشتا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋېتىشكە ھەتتا قايچا بىلەن كېسىپ تاشلاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق كېسەلنىڭ ياكى كېسەلنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ قۇتقۇزۇشتىن بۇرۇن ياكى كېيىن بۇنى باھانە قىلىپ قۇتقۇزغۇچى خادىملارغا توسقۇنلۇق قىلىشى ياكى ئۇلارنى ئەيىبلىشىگە بولمايدۇ.

تەرتىپ دېگىنىمىز، دوختۇر كېسەل ئايالنى تەكشۈرگەندە، ئىمكان قەدەر رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان تەرەپلەرگە قارىتىلغان. مەسىلەن، دوختۇر قائىدە ئىچىدىكى كۆرۈش، تۇتۇش، چېكىش، ئاڭلاش ئارقىلىق دىئاگنوز قويۇشتا كېسەلنىڭ بەدىنىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى بىۋاسىتە كۆزىتىشى، چىرايى تەبىئىي ۋە جىددىي بولۇشى كېرەك. تەنتەكلىك قىلىش ياكى يامان غەرەزدە بولۇشقا قەتئىي بولمايدۇ. تۇتۇپ دىئاگنوز قويۇش دېگىنىمىز، دوختۇرنىڭ كېسەلنىڭ بەدىنىنى بىۋاسىتە تۇتۇپ كېسەللىك ئۆزگىرىشىنى تەكشۈرۈشكە قارىتىلغان. دوختۇرلار ئايال كېسەلنىڭ ئەمچىكىدىكى كېسەللىك ئۆزگىرىشىنى تەكشۈرگەندە، ئەمچەككە ئىمكان قەدەر ئاز قول تەگكۈزۈشى لازىم. ئاڭلاپ دىئاگنوز قويۇش كۆپچىلىككە ئەڭ تونۇشلۇق بولغان تەكشۈرۈش ئۇسۇلى بولسىمۇ، لېكىن ھازىر نۇرغۇن ئايال كېسەللەر ئىچ كىيىمىنى ئېچىۋېتىشنى خالىمايدۇ، لىفىتىكىنى يېشىۋېتىشكە تېخىمۇ ئۇنىمايدۇ. بۇنداق بولغاندا، ناھايىتى تەجرىبىلىك دوختۇرمۇ لىفىتىك

(ئاخىرى 35-بەتتە)

# ئاياللارنىڭ ئوبرازى

ئاياللارنىڭ ئوبرازى دۆلەتنىڭ ئوبـ
رازىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەگەر ئاياللار پاخما باش، جالدۇر -
جۇلدۇر كىيىنگەن بولسا، چىرايىدىن هارـ
غىنلىق چىقىپ، روهىي - هالىتى تۆۋەن بولـ
سا، شۇ دۆلەتنىڭ پاراكەندىچىلىكتە تۇرغانـ
لىقىنى ۋە نامراتلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئەگەر ئاياللار كەيپ - ساپاغا بېرىـ
لىپ، ئىسراپخورلۇق قىلىپ، ئەمگەكتىن
قاچسا، شۇ دۆلەتتە ئۇلۇغۋار نىشانىنىڭ
كەمچىل ئىكەنلىكىنى، مائارىپتا ئېغىش بارـ
لىقىنى، ئائىلىدە مەسىلىنىڭ ئىنتايىن ئېغىر
ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئەگەر ئاياللار تىرىشچان، ئاكتىپ،
پاكىز ۋە ئۇچۇق - يورۇق بولسا، شۇ جەمـ
ئىيەتنىڭ ساغلام راۋاجلىنىۋاتقانلىقىنى،
ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ روناق تېپىـ
ۋاتقانلىقىنى، قۇرۇلمىلارنىڭ ئىخچام ئىكەنـ
لىكىنى ۋە ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى
نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

ئەگەر ئاياللار شەھۋانىيلىققا بېرىلىپ،
ئاياللارغا خاس ئەدەب - ئەخلاقتا ئىگە
بولمىسا، شۇ جەمئىيەتنىڭ چىرىكلەشكەنلىـ
كىنى، كىشىلەرنىڭ هاۋايى هەۋەسكە بېرىلىپ،
جىنايى قىلمىشلارنىڭ كۆپەيگەنلىكىنى، كېـ
يىنكى ئەۋلادلارنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراـ
ۋاتقانلىقىنى، ئەخلاق - پەزىلەت بىلەن ساغـ
لاملىقنىڭ يىمىرىلىپ، دۆلەتنىڭ نېگىزىدىن
تەۋرىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئەگەر جەمئىيەت «پاھىشە ئاياللارنى
چەكلەپ، نامراتلارغا ھېسداشلىق قىلسا»،
شۇ جەمئىيەت پاكلىنىدۇ، پاكلىق ئارقىلىق
ساغلاملىقنى ساقلاپ قالغىلى، ساغلاملىق
ئارقىلىق بايلىق ياراتقىلى بولىدۇ. بۇ بايلىقـ
نى توغرا يولغا ئىشلەتكىلى ۋە ئۇنى مەڭگۈ
ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ.

ئەگەر جەمئىيەت «نامراتلارغا ھېسـ
داشلىق قىلماي، پاھىشە ئاياللارنى بولۇشـ
غا قويۇۋەتسە»، ئاياللار بىر - بىرىنى دوـ
راپ، ئىپپەت - نومۇسىنى سېتىش يولى
بىلەن «بايلىق يارىتىش»قا ئۇرۇنىدۇ. ئۇ
چاغدا، بۇ جەمئىيەت ئىپلاسلىشىپ، ئەرلەر
چۈشكۈنلىشىشكە يۈزلىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن
ئائىلە ۋەيران بولىدۇ.

ئەگەر ئاياللار مال - دۇنياغا بېرىلىپ
كەتسە، ئەرلەر پۇلنىڭ كەينىگە كىرىپ،
خىيانەت قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ، ئەرلەرنىڭ پۇـ
لى كۆپەنچە ئاياللارغا خەجلىنىدۇ. ئەگەر
ئاياللار شۈكۈر - قانائەت قىلسا، ئەرلەرمۇ
پۇل ئۈچۈن تۈرلۈك ۋاستىلەرنى ئىشلىتىپ
يۈرمەيدۇ. بىر دۆلەتنىڭ ئاياللىرى دىيانەتـ
لىك ھەم قانائەتچان بولسا، ئەرلىرىمۇ
ئەخلاقلىق بولىدۇ.

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئاياللارنىڭ
قانداق بولۇشى شۇ دۆلەتنىڭ قانداق بولۇـ
شىنى بەلگىلەيدۇ. ئەگەر ئاياللار ئەجنەـ
بىلەرگە چوقۇنۇپ، ئۆز ۋەتىنىنى ئۇنتۇغان
بولسا، شۇ دۆلەتتە ئىشەنچ كەمچىل بولغانـ
لىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

تۇرسۇن ئەمەت تەرجىمىسى





# تېرە گۈزەللىكى توغرىسىدا

جەمىلە مۇھەممەت

ئۈرغۈن كىشىلەر يۈز تېرىسىنىڭ يۇمشاق، پارقىراق ۋە سىلىق بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. يۇقىرىقىدەك ئېلاستىكلىقتا ۋە ھاياتىي كۈچكە ئىگە تېرە — تېرىنىڭ گۈزەل ۋە ساغلام بولۇشىدىكى ئالدىنقى شەرت ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر تېرىنىڭ مۇشۇنداق گۈزەللىكىنى ساقلىماقچى بولساق، ئالدى بىلەن سۇدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

سۇ — تېرىنىڭ ئاساسىي تەركىبىي قىسمى. ئەگەر تېرىدە سۇ كەم بولسا، تېرە قۇرغاقلىشىپ قورۇلۇپ قالىدۇ. شۇڭا، تېرىنىڭ نەملىكىنى ساقلاش بەكمۇ مۇھىم. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇھىتنىڭ نەملىكىنى ساقلاش كېرەك. ئۆينىڭ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى بولۇپ، ھاۋا قۇرغاقلىشىپ كەتسە، يۈزگە تېرىنى ئاسرىغۇچى ماي ئىشلىتىش لازىم. شارائىت يار بەرسە مەش ئۈستىدە بىر چۆگۈن سۇنى داۋاملىق قايناتىپ قويۇش، ئۆي ئىچىدە تەشتەك گۈل ئۆستۈرۈش قاتارلىقلارنىڭ ئۆينىڭ نەملىكىنى ساقلاشتا پايدىسى بار. بىر تەلەگە قايناق سۇغا يۈزنى 10cm ئارىلىق قالدۇرۇپ بىرنەچچە مىنۇت ھورداپ بەرسە، يۈزدىكى تۈك تۆشۈكچىلىرى ئېچىلىپ، تېرە كېڭىيىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تېرىنىڭ نەملىكىنى، پارقىراقلىقىنى ساقلىغىلى بولىدۇ. يۇقىرىقى ئۇسۇللاردىن باشقا قايناق سۇنى كۆپ ئىچىپ بەرگەنىڭىزمۇ پايدىسى بار. قايناق سۇ قان ئايلىنىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، تېرىدىكى قالدۇق ماددىلارنى تازىلاپ، تېرىنىڭ ساغلاملىقىنى ساقلايدۇ. ئەگەر ھەر كۈنى سەككىز چوڭ ئىستاكان قايناق سۇ ئىچىپ بەرسە، تېرىنىڭ پاكىز، پارقىراقلىقىنى ساقلىغىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى، تېرە سىرتقى مۇھىت بىلەن داۋاملىق ھەممە بەۋاسىتە ئۇچرىشىپ تۇرغاچقا، چاڭ - توزان ۋە ھەر خىل مىكروبلار تېرىگە ئوڭايلا قونۇپ تەر بەزلىرى، تېرە ئاستى ماي بەزلىرى ئاجرىتىپ چىقارغان ماددىلار ھەم تېرە كېپەكلىرى بىلەن قوشۇلۇپ باكتېرىيىنىڭ كۆپىيىشىگە شەرت-شارائىت يارىتىپ، ھەرخىل تېرە كېسەللىكلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يۈزنى بىر كۈندە ئاز دېگەندە ئىككى قېتىم ئىسسىق سۇدا (ئەتىگەن، كەچتە) يۇيۇپ تۇرۇش كېرەك. چۈنكى، ئىسسىق سۇ تېرىنى يۇمشىتىپ، تېرىدىكى قىل قان تومۇرلىرىنى كېڭەيتىپ، تۈك خالتىسى، تېرە ماي بەزلىرى ۋە تەر بەزلىرىنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ، قالدۇق ماددىلارنىڭ سىرتقا چىقىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. داۋاملىق مۇنچىغا چۈشۈپ يۇيۇنۇپ بەرسىمۇ تېرە ئۇزلۇكسىز ئۇۋۇلانغانلىقتىن، تېرىدىكى قان ئايلىنىش ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، تېرىنىڭ قارشىلىق كۈچى ئاشىدۇ-دە، تېرىنىڭ يۇمشاقلىقىنى ۋە ئېلاستىكلىقىنى ئۇزۇن مۇددەت ساقلىغىلى بولىدۇ. يۈز يۇغاندا، مۇنچىغا چۈشكەندە نېيترال سوپۇنلارنى ئىشلىتىش كېرەك.

ئۈچىنچى ئوزۇقلۇقمۇ تېرىنىڭ گۈزەل ۋە ساغلام بولۇشىدا چوڭ رول ئوينايدۇ. تېرە سۇ ۋە ئاقسىل ماددىسىدىن تەركىب تاپقان. ئەگەر تېرە قوبۇل قىلغان ئاقسىل كەم بولسا، تېرىنىڭ رەڭگى ناچارلىشىپ، قۇرغاقلىشىپ، قورۇق چۈشۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوزۇقلىنىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. شۇنداقلا ئوزۇقلانغاندا ئىلمىي ئۇسۇلدا ئوزۇقلىنىش كېرەك. بۇنداق دېگەنلىك — ھەر بىر ئادەم يېمەكلىكلەرنى ئۆز تېرىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تاللاپ يېيىش دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن، قۇرغاق تېرىلىك كىشىلەر سۈت، بېلىق، جىگەر، تۇخۇم سېرىقى، سەۋزە، پالەك، ئالما قاتارلىقلارنى كۆپ ئىستېمال قىلىپ بەرسە، بۇ يېمەكلىكلەردىكى ۋىتامىن A تېرىنىڭ يېرىلىپ، كېپەكلىشىپ قورۇلۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. مايلىق تېرىلىك كىشىلەر مايلىق يېمەكلىكلەرنى ئاز ئىستېمال قىلىشى كېرەك. نېيترال تېرىلىك كىشىلەر ھۆل مېۋە، كۆكتاتلارنى كۆپ يېيىشى، سۇنى كۆپ ئىچىشى كېرەك.

يۈزىدە سەپكۈن، سېرىق، قارا داغ بار كىشىلەر پۇرچاقتىن ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەرنى ھەمدە خۇاسىڭ، قۇرۇق مېۋە، ئالما، بانان قاتارلىقلارنى كۆپ يەپ بەرسە يېمەكلىكلەردىكى ۋىتامىن C رەڭ ماددىلىرىنىڭ تېرىدە چۆكمە ھاسىل قىلىشىنى چەكلەپ، قىل قان تومۇرلارنىڭ چۆرۈكلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

---

(بېشى 46 - بەتتە)

يېتىدۇ. شۇڭلاشقا ھامىلدارلىق مەزگىلى ۋە بالا تۇغۇلۇپ ئىككى يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئانا - بالا تەركىبىدە ئاقسىل مول بولغان ئوزۇقلۇقلار بىلەن تەمىن ئېتىلسە، بوۋاقنىڭ مېڭىسىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ، بالا تېخىمۇ ئەقىللىق چوڭ بولىدۇ. بالا ئون ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭ مېڭىسىنىڭ ئېغىرلىقى چوڭلارنىڭكىگە ئاساسەن تەڭلىشىدۇ. ئومۇمەن، بالا تۆرەلگەندىن تارتىپ تۇغۇلۇپ بالىلىق دەۋرىگە قەدەم قويغىچە بولغان ئارىلىق مېڭىنىڭ ئۆسۈپ تەرەققىي قىلىش دەۋرى، شۇنداقلا تەركىبىدە ئاقسىل ۋە ۋىتامىن مول بولغان ئوزۇقلۇققا ئەڭ ئېھتىياجلىق دەۋرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئومۇمەن، ھامىلدارلىق باشلانغاندىن تارتىپ، بالا تۇغۇلۇپ بالىلىق دەۋرىگە قەدەم قويغىچە ئوزۇقلىنىشنى كۆپەيتىش — سۈپەتلىك تۇغۇش، سۈپەتلىك تەربىيىلەشكە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ساغلام، ئەقىللىق، چىرايلىق بولۇپ يېتىلىشى ئۈچۈن، سۈپەتلىك تۇغۇت بىلەن سۈپەتلىك تەربىيىلەشنى بىرلەشتۈرۈش لازىم. ئوزۇقلۇق — سۈپەتلىك تۇغۇت بىلەن سۈپەتلىك تەربىيىلەشنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ماددىي ئاساسى.

تۇغۇت يېشىدىكى ياشلار سۈپەتلىك تۇغۇت ۋە سۈپەتلىك تەربىيىلەش توغرىسىدىكى بىلىملەرنى ئىگىلەپ، سۈپەتلىك تۇغۇت ۋە سۈپەتلىك تەربىيىلەش ئارقىلىق مىللەتنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە تۆھپە قوشۇشى لازىم.

# سۈپەتلىك تۇغۇت ۋە ئوزۇقلىنىش

مۇھەممەت تۇرسۇن باتىن

دۇنيادىكى ھەرقانداق مىللەتلەرنىڭ ھۆجەيرە تۈزۈلۈشى ۋە ئىرسى ماددىسى ئاساسەن ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما ھەر خىل ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئوخشىمىغان دۆلەتلەردىكى ئوخشىمىغان مىللەتلەرنىڭ تەن قۇرۇلۇشى، ساغلاملىقى ۋە ئەقلىي تەرەققىياتى سۈپىتىدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە پەرقلەر مەۋجۇت. ئومۇمەن، قايسى مىللەتنىڭ سۈپىتى ياخشى بولسا، شۇ مىللەتنىڭ ئىنسانىيەتكە قوشقان تۆھپىسى شۇنچە زور بولىدۇ.

سۈپەتتىكى بۇ پەرقلەرنى مەلۇم ئوبيېكتىپ شەرت-شارائىتلار كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقتىن، ھەرقانداق مىللەت ئۆز ئوبيېكتىپ شارائىتىنى ياخشىلاشقا ۋە ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئىلغار مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا تىرىشىشى لازىم. سۈپەتلىك تۇغۇت ئىنسانلار سۈپىتىنى ياخشىلاشتىكى مۇھىم ھالقا.

پىلانلىق تۇغۇت تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە قانداق ئاتا-ئانا ئۆز بالىسىنىڭ سۈپەتلىك، ساغلام، ئەقىللىق، چىرايلىق بولۇشىنى خالىمىسۇن؟ شۇنداق ئىكەن، سۈپەتلىك تۇغۇش ھەممە كىشىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى.

سۈپەتلىك تۇغۇش ئۈچۈن ئىرسىيەت كېسەللىكلىرى، تۇغما كېسەللىكلەرنى ئازايتىپ ۋە ئۇنى تىزگىنلەپ، ئىنسانلارنىڭ (مىللەتنىڭ) سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، تېخىمۇ قاۋۇل، ئەقىللىق ئەۋلادلارنى قالدۇرۇش مەقسىتىگە يېتىش لازىم.

سۈپەتلىك تۇغۇت تەدبىرلىرى ئىچىدە ھامىلىدار ئاياللارنىڭ ئوزۇقلىنىش مەسىلىسى ئىنتايىن مۇھىم. ئۇنداقتا سۈپەتلىك تۇغۇت بىلەن ئوزۇقلىنىشنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

ئەمەلىيەتتە سۈپەتلىك تۇغۇت بىلەن مۇۋاپىق ئوزۇقلىنىش بىر-بىرىگە ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇ مەسىلىنى چۈشىنىش ئۈچۈن يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيانقى بىر قىسىم تەجرىبە، تەتقىقاتلار نەتىجىسىگە قاراپ باقايلى!

بەزى دۆلەتلەردىكى پەن تەتقىقات خادىملىرى ۋە ئالىملار ئاق چاشقانلار ئۈستىدە مۇنداق بىر تەجرىبە ئىشلەپ كۆرگەن:

يېڭى تۇغۇلغان ئاق چاشقانلارنى تەركىبىدە ئاقسىل كەم بولغان يەمچۈكلەر بىلەن مەلۇم ۋاقىت باققاندا، بۇ بالا چاشقانلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى يېتەرلىك ئاقسىللىق يەمچۈكلەر بىلەن بېقىلغان چاشقانلارغا قارىغاندا، ناھايىتى ئاستا بولغان، چىشىنىڭ چىقىشى كېچىككەن، ئەقلىي ئىقتىدارى نىسبەتەن تۆۋەن، ئەستە قالدۇرۇشى ئاجىز بولغان، ئەقىل كېتىدىغان ھەرىكەتلەرنى ناھايىتى تەستە ئۆگەنگەن. بۇ چاشقانلاردىن تۇغۇلغان ئىككىنچى

ئەۋلاد چاشقانلىرىنىمۇ تەركىبىدە ئاقسىل كەم بولغان يەمچۈك بىلەن بىر مەزگىل باققاندىن كېيىن ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردە تېخىمۇ ئېغىر مەسىلىلەر كېلىپ چىققان. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ ئىككىنچى ئەۋلاد چاشقانلار تەركىبىدە ئاقسىل مول بولغان نورمال يەمچۈك بىلەن بېقىلغاندىمۇ، يەنىلا نورمال ئۆسۈپ يېتىلىش سەۋىيىسىگە يېتەلمىگەن. ھامىلىدار چاشقىلارنىڭ ئاقسىللىق ئوزۇقلۇقىدىن ئوندىن بىر قىسمىنى ئازايتىپ كۆزەتكەندە، تۇغۇلغان چاشقانلارنىڭ بەدەن ئېغىرلىقى، نورمال ئەھۋالدىكىدىن 23 پىرسەنت يېنىكلەپ كەتكەن. مېڭە نېرۋا ھۈجەيرىلىرى 20 پىرسەنتتىن 30 پىرسەنتكىچە ئازلاپ كەتكەن.

بۇ تەجرىبە ئىنسانلارغىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. ھامىلىدار ئاياللارنىڭ ئوزۇقلىنىشى ھامىلىنىڭ يېتىلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، «توققۇز ئاي قورساق كۆتۈرۈش» دىئامېتىرى 0.2 مىللىمېتىرمۇ كەلمەيدىغان ئاتىلانغان تۇخۇمنىڭ بالىياتقۇدا ئۆسۈپ، چوڭىيىپ، ئۈچ كىلوگرام ئەتراپىدىكى بوۋاق بولۇپ يېتىلىشى—پۈتۈنلەي ئانىنىڭ بەدىنىدىكى ھەر خىل ئوزۇقلۇق ماددىلار بەدىلىگە كېلىدۇ. ئەگەر ھامىلىدار ئاياللارنىڭ ئوزۇقلىنىشى ناچار بولسا، بويىدىن ئاجراپ كېتىش، بۇرۇن تۇغۇپ قويۇش ياكى ھامىلىدىكى غەيرىيلىك قاتارلىق ئەھۋاللار ئاسان يۈز بېرىدۇ. ھامىلىنىڭ تولۇق يېتىلەلمەسلىكى (ئورۇق ئاجىز بولۇش) ھامىلىدار ئايالنىڭ ئوزۇقلىنىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئورۇق، يادىغۇ (نورمال يېتىلەلمىگەن) تۇغۇلغان بالا ناھايىتى ئاسان كېسەل بولىدۇ. بۇنداق بالىلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى يۇقىرى، ئەقلىي ئىقتىدارى تۆۋەن بولىدۇ. شۇڭلاشقا ھامىلىدار ئاياللارنىڭ مۇۋاپىق، يېتەرلىك ئوزۇقلىنىش مەسىلىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، ھامىلىدار ئاياللارمۇ تاماق تاللىماسلىقى لازىم. رايونىمىزدا ئادەتتىكى تۇرمۇش سەۋىيىسىگە ئاساسلىنىپ، بىر قىسىم قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنىڭ تۈرلىرىنى ۋە سانىنى مۇۋاپىق ھالدا كۆپەيتىش ئارقىلىق، ھامىلىدار ئايال ۋە ھامىلىنىڭ ئوزۇقلۇق تەلىپىگە يەتكىلى بولىدۇ. مەسىلەن، بېلىق، تۇخۇم، گۆش، جىگەر، بۆرەك، يېڭى كۆكتات، مېۋە قاتارلىقلار. لازا، قويۇق دەملەنگەن چاي، ھاراق قاتارلىق غىدىقلاش تەسىرىگە ئىگە يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم.

مېڭە — نېرۋا ھۈجەيرىلىرىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئەقىل، ئىدراكنىڭ ئاناتومىيىلىك ۋە فىزىئولوگىيىلىك ئاساسى. مېڭە ھۈجەيرىلىرى تۆرەلمە مەزگىلىدىن باشلاپ بۆلۈنۈش ئارقىلىق كۆپىيىپ سانى ئارتىدۇ. كېيىنچە مېڭە ھۈجەيرىلىرىنىڭ بۆلۈنۈشى تەدرىجىي ئاستىلاپ، ھۈجەيرىلەرنىڭ چوڭىيىشى ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتىدۇ. بۇ ھالەت تاكى بالا ئىككى ياشقا كىرگىچە داۋاملىشىدۇ. ھامىلىدارلىقنىڭ 10-ھەپتىسىدىن 18-ھەپتىسىگىچە بولغان ئارىلىقتا مېڭە ھۈجەيرىلىرىنىڭ كۆپىيىشى ئەڭ تېز بولۇپ، 23-ھەپتىسىگە بارغاندا چوڭ مېڭە پوستلىقىنىڭ ئالتە قەۋەت ھۈجەيرە تۈزۈلمىسى ئاساسەن شەكىللىنىپ بولىدۇ. بالا يېڭى تۇغۇلغان ۋاقىتتا مېڭە ئېغىرلىقى 350 گرام ئەتراپىدا بولسا، تۇغۇلۇپ بىر ياشتىن ئىككى ياشقىچە مېڭە ھۈجەيرىلىرى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپ، مېڭە ئېغىرلىقى 1000 گرامغا

(ئاخىرى 44-بەتتە)

## كىيىم - كېچەكلەرنى يۇيۇش، تازىلاش ۋە دەزماللاش ھەققىدە

ئۇرغۇن كىشىلەر كىر يۇيۇش ھەممىدىن ئاسان، يۇماقچى بولغان كىيىملەرنى كىرئالغۇغا سېلىپ قويسىلا ئىش پۈتىدۇ، دەپ قارايدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشتا، كىيىم - كېچەكلىرىڭىز رەتلىك، پاكىز بولسا، ئۆزىڭىزنى روھلۇق، تېتىك ھېس قىلىسىز. بۇ سىزنىڭ خىزمىتىڭىزگە ۋە دوست - بۇرادەرلىرىڭىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىزگە روشەن تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا كىيىم - كېچەكلەرنى يۇيۇش ۋە دەزماللاشتا بەزى ئىشلارغا دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

△ ئىچ كىيىملەرنىڭ رەختى يۇمشاق ھەم نېپىز بولىدۇ. شۇڭا ئۇنى ئەڭ ياخشىسى قولدا يۇيۇش، يەنى سۇغا ئازراق سوپۇن پاراشوكى سېلىپ، يېنىك ئۇۋۇلاپ يۇيۇش كېرەك.

△ ئەگەر ئىچ كىيىملەرنى كىر ئالغۇدا يۇيۇشقا توغرا كەلسە، ئۇنى تور سومكىغا سېلىپ، ئاندىن كىرئالغۇغا سېلىش لازىم. بىراق، يۇيۇش ۋاقتى ئۈچ مىنۇت، قۇرۇتۇش ۋاقتى 30 سېكۇنتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا كىيىمنىڭ سۈپىتى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

△ ئىچ كىيىملەرنى بىۋاستە ئاپتاپقا يايماي، شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان سايە جايغا يېيىپ قۇرۇتۇش لازىم.

△ ئىلمە - توقۇلما كىيىملەرنىڭ شەكلى ئاسانلا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. شۇڭا، بۇنداق كىيىملەرنى دەزماللىغاندا، ئۇنىڭ شەكلىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، دەزمالنى يېنىك بېسىپ تۇرۇپ دەزماللاش، شايى ياكى خىمىيىۋى تالادىن تىكىلگەن كىيىملەرنى دەزماللىغاندا، ئۈستىگە داكا قويۇپ دەزماللاش لازىم.

△ ئەرلەرنىڭ شىمىنى قىر چىقىرىپ دەزماللىسا كۆركەم كۆرۈنىدۇ. ئۇنداقتا قانداق قىلغاندا شىمنىڭ قىرىنى تۈز ھەم ئۇزاققىچە بۇزۇلمايدىغان قىلىپ چىقارغىلى بولىدۇ؟ شىمنىڭ قىرىغا ئەتىر سوپۇننى نەمدەپ سۈرۈپ، ئۈستىگە داكا قويۇپ دەزماللىسا، شىمنىڭ قىرى تىك ھەم ئاسان بۇزۇلمايدىغان بولۇپ چىقىدۇ. ئەگەر يۇيۇشقا توغرا كەلسە، ئۇنى ئۆز قىرى بويىچە ئىككى پۇشقىقىدىن ئېسىپ قويۇپ قۇرۇتسا، ئاسان قۇرۇيدۇ ھەم قىرى ئاسان بۇزۇلمايدۇ.

△ بەزى كىيىم - كېچەكلەرنىڭ ئۇزۇن - قىسقا بوغقۇچلىرى بولىدۇ. ئۇنى كىر ئالغۇغا سېلىپ يۇغاندا، كالەك بولۇۋېلىپ بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا، بۇنداق كىيىملەرنى يۇيۇشتىن ئىلگىرى ئۇنى تۈرمەكلەپ، رېزىنكە بىلەن بوش چىگىپ، ئاندىن كىر ئالغۇغا سېلىش كېرەك. ئۇزۇن يەڭلىك كىيىملەرنىمۇ شۇنداق قىلىپ يۇغان ياخشى.

△ پەلتۇنى ماگىزىنغا ئاپىرىپ يۇدۇرۇشتىن ئىلگىرى، يانچۇقلىرىنى تەتۈر ئۆرۈپ پاكىز قېقىپ چىقىرىۋېتىش لازىم. ئۇنداق قىلمىغاندا، ئىچىدە نەرسە - كېرەك قېپ قالسا كېيىن يۇسىمۇ چىقمايدىغان داغقا ئايلىنىپ قالىدۇ.

△ يۇڭ كىيىملەرنى

كۆپ يۇيۇشقا بولمايدۇ. ئەمما ئۇزۇن مەزگىل يۇماي كىيىشكىمۇ بولمايدۇ. ئۇنى مۇۋاپىق ئۇسۇلدا يۇمىغاندا، شەكلى ئۆزگىرىپ كېتىپ، سۈپىتىگە تەسىر يېتىدۇ. ئۇنداقتا يۇڭ كىيىملەرنى قانداق يۇيۇش كېرەك؟ يۇماقچى بولغان يۇڭ كىيىمنى سوپۇن پاراشوكى سېلىنغان ئىللىمان سۇغا سېلىپ، تېز سۈرئەتتە بېسىش لازىم. ئۇنى كۈچەپ ئۇۋۇلاشقا بولمايدۇ. چايقاپ سۇدىن ئالغاندا سىقىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. بەلكى ئۇنى قاتلاپ داسنىڭ گىرۋىكىگە قويۇپ سۈيىنى ساقىتىش، ئاندىن پاكىز قۇرۇق لۆڭگىگە سۈيىنى سۈمۈرتۈپ، شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان سالقىن جايغا ئېسىپ قۇرۇتۇش لازىم.

△ كونىرىغان پوپايكىلاردا ئۇششاق مۈنەكچىلەر شەكىللىنىپ قالىدۇ. ئادەتتە كىشىلەر بۇنى قايچا بىلەن كېسىۋېتىدۇ. بۇنداق قىلغاندا، ۋاقىت ئىسراپ بولىدۇ. شۇڭا پوپايكىنى تىزغا قويۇپ تارتىپ تۇرۇپ مۈنەكلەرنى بىرىتتىۋا بىلەن قىرسا بولىدۇ. ئەمما ئېھتىيات بىلەن ئىشلەش لازىم.

△ كاستۇم ياكى پەلتولارغا دەزمال سېلىۋەرسە پارقىراپ قالىدۇ. ئەگەر بىر ئىستاكان سۇغا ئازراق فورمالىن ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنى پارقىراپ قالغان ئورۇنغا پۈركۈپ ياكى لۆڭگىنى فورمالىن سۈيىگە چىلاپ پارقىراپ قالغان ئورۇننى سۈرتۈپ ئاندىن داكا قويۇپ دەزماللاپ بولغاندىن كېيىن چوتكا بىلەن چوتكىلىۋەتسە، پارقىراق يوقايدۇ. يۇڭ رەختتىن تىكىلگەن كىيىم-كېچەكلەرنى بىۋاستە دەزماللىماي، ئۈستىگە داكا قويۇپ دەزماللاش كېرەك.

△ خۇرۇم كىيىم-كېچەكلەرنى ياخشى ساقلىمىغاندا، ئاسانلا كۆكىرىپ قالىدۇ. ناۋادا مۇشۇنداق ئەھۋال كۆرۈلسە، كۆكىرىپ قالغان ئورۇننى ئاۋۋال مەخمەل لاتا بىلەن ئاندىن فورمالىن سۈيىگە چىلانغان لۆڭگە بىلەن سۈرتۈۋەتسە بولىدۇ.

مەمەت ئاۋۇت تەرجىمىسى

## زەرلىك كىيىم-كېچەكلەرنى يۇيۇش ئۇسۇلى

زەرلىك رەختتىن تىكىلگەن كىيىم-كېچەكلەر چىرايلىق ھەم كۆركەم بولغانلىقتىن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇنى كىيىدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. لېكىن بۇ خىل كىيىملەر مۇۋاپىق ئۇسۇلدا يۇيۇلمىسا، زەرنىڭ پارقىراقلىقى ئاسانلا يوقاپ كېتىدۇ.

بۇنداق رەختلەرنى يۇغاندا، زەر تالاسىغا ھەل قىلىپ بېرىلگەن ئالىيومىن ياكى نىكىل خۇرۇم بىرىكمىسى ئىشقارنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن رىئاكسىيىلىشىپ، ئۆز پارقىراقلىقىنى يوقۇتۇپ، ۋاقىتنىڭ ئۇزۇرىشى بىلەن زەر ئۈستىدىكى رەڭ ئۆچۈپ كېتىدۇ. شۇڭا بۇ خىلدىكى كىيىم-كېچەكلەرنى ئادەتتىكى ئىشقارلىق كىر سوپۇنلىرى بىلەن يۇماستىن، نېيترال كىر يۇيۇش پاراشوكى ياكى كىر چىقىرىش سۇيۇقلۇقى بىلەن ئىللىمان سۇغا چىلاپ يەڭگىل ئۇۋۇلاپ يۇيۇپ، كىرى چىقىپ بولغاندىن كېيىن، سۈزۈك سۇدا چايقاش لازىم.

پەرىدە ھەسەن تەرجىمىسى

# مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۈيى

1990 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى سەھەردە پىچان پويىز ئىستانسى-
دا يولۇچىلار قالمىغانىدى . ئىستانسىدىكى خىزمەتچى خادىملار بىر
ئۇيغۇر ئايالنىڭ داق يەردىلا ئىڭراپ ياتقانلىقىنى ، يېنىدا ئۈچ
ياشلىق بىر بالىنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى . ئەسلىدە ھېلىقى ئايال-
نىڭ كېسىلى قوزغىلىپ قالغانىدى . خىزمەتچى خادىملار ئۇنى دەر-
ھال دوختۇرخانىغا ئاپىردى . نەتىجىدە ئۇنىڭ يۈرەك فونكسىيە-
سى ئاجىزلاش كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقى ئېنىقلاندى . دوختۇر-
لار ئۇن نەچچە سائەت قۇتقۇزۇش ئېلىپ بارغان بولسىمۇ ، داۋا-
لاش ئۈنۈم بەرمەي بۇ ئايال ئۆلۈپ كەتتى .

ئۇ زادى نەلىك ؟ بالىنى قانداق قىلىش كېرەك ؟ دوخ-
تۇرخانا پارتىيە ياچېيكىسى دەرھال تەرەپ - تەرەپكە ئادەم ئە-
ۋەتىپ ئايالنىڭ ئائىلىسىنى ئىزدەيدۇ . ياچېيكا شۇجىسى لى كېلىڭ
بالىنى ۋاقىتلىق ئۆزى باقىدۇ . بالا لى كېلىڭنىڭ ئۆيىدە تۇرغان
مەزگىلدە دوختۇرخانىدىكى ھەر مىللەت خىزمەتچىلىرىنىڭ غەمخور-
لۇقى ۋە كۆيۈنۈشىگە ئېرىشىدۇ .

دوختۇرخانا رەھبەرلىكى ئىگىز تەسلىكتە بۇ ئايالنىڭ ئائىلىسى-
نى تاپىدۇ . ئايالنىڭ ئىسمى تۇرنىساخان ، بالىسىنىڭ ئىسمى ئۆمەر
ئىدى .



1. ئۆمەر لى كېلىڭ تىكىپ بەرگەن يېڭى كىيىمنى كىيىپ خۇشال بولۇپ كەتتى .



2. ئۆمەرنىڭ دادىسى لى كېلىڭغا رەھمەت ئېيتىپ ، ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتى . ئۇ دوختۇرخانىدىكى خەنزۇ ھەدە - سىڭىللارنىڭ قېرىنداشلارچە غەمخورلۇقىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەنىدى .



3. ئۆمەرنىڭ 65 ياشلىق مومىسى ، دوختۇرخانىدىكى خەنزۇ ئاكا - ئۇكا ، ھەدە - سىڭىللارنىڭ كېلىننىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن دوخ-تۇرغا ئاپارغانلىقى ۋە نەۋرىسىگە ئىگە بولۇپ باققانلىقى توغرىسىدىكى تەسىرلىك ئىشلارنى بىلگەندە ، ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ كەتتى .



4. ئۆمەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر تۆمۈر يول دوختۇرخانىسىدىكى دوخ-تۇرلارنى قىزغىن ئۇزىتىپ قويماقتا .

تيەن چى فوتوسى

